


ISSN 1002-9206

www.uyghurkitap.com



دوستلار

# يېڭى قاشتېشى

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

4
1997

باش مۇھەررىر : مۇھەممەت چاۋار
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : مەتقاسىم ئابدۇراخمان
تەھرىر ھەيئەتلىرى: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇۋاقى توختى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى ، ئابدۇللا مەتىمىن، ئابدۇللا سۇلايمان، مۇھەممەت چاۋار، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، روزى سايىت.

ئون سەككىزىنچى يىل نەشرى
(ئومۇمىي 96 - سان)

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر

ئەپيۇنگۇل — ئەپيۇن ئەمەس ........ (ھېكايە) ...... ھەبىبە مەھەممەتئەيسا 1
ئازغۇن ............ ( ″ ) ............ ئابدىرېھىم ئېلى 19
«تىلسىمات دۇنياسى» دىن كەلگەن سادا ......... (نەسىر) ............ سىددىق قاۋۇز 31
كۆنچى دەرياسى گۇۋاھ ............ ( ″ ″ ) ............ دىلنۇر ئابلىز 34
سۆيگۈ دىۋانىسى ............ ( ″ ″ ) ............ ئادالەت ئابدۇرېھىم 36
ئۆلۈپ تىرىلگەن ئادەم ............ (پوۋېست) ......... ئابدۇلئەھەت قادىرى 42
ئاتا ۋە بالىلار ............ (ھېكايە) ............ داۋۇت مەتنىياز 62
قايتىش ............ ( ″ ″ ) ............ ئىمىن مەھمۇدى 68
غەم قىلما، قىزىم ............ ( ″ ″ ) ............ مەتئابدۇللا باقى 73
زەنجىر ............ (فېلىيەتون) ............ ئەزىز سەيدەخمەت 90

## شېئىرىي ئەسەرلەر

سەن قەلبىمدە ئېچىلغان بىر گۈل ............ ئابدۇقادىر مەتسىدىق 37
ئىككى شېئىر ............ مۇھەممەتتۇرزى ئابدۇقادىر 38
غەزەللەر ............ ئابلىكىم ئابلەت 39
شېئىرلار ............ رەشىدە ئابلىز 40
ئىككىنچى قېتىمدا ............ ئىمىرجان راخمان 41
تاڭلارنى ئۇزاتتىم جىمجىت بىناۋا ............ ئەخمەتجان تۇرۇپ 76
جەنۇبتىكى يېشىل چۈش ............ ئابدۇشۈكۈر راشىدىن 78
كىبرىيە ............ ئەسقەر ياسىن 79
پۇرسەت دەپ، - ............ ئۆمەرجان ئىسمايىل 80

## ماقالىلەر

تونۇۋال، بۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ ............ ئىدرىس رۇسۇل تەكىن 82
يازغۇچىلار قانداق ئادەملەر؟ ............ مەتتۇرسۇن ئوسمان 85

## كلاسسىك ئەدەبىياتتىن

كلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ............ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇراخمان مۇھەممەت 92

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئېرسالنامە ............ تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتوختى ئەخمەت 93

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: مەتسېلىم مەتقاسىم. مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئابلىز تاش. قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئەنۋەر جۇمە سىزغان.

ھەببە مەھەممەتئەيسا

# ئەپيۇنگۈل — ئەپيۇن ئەمەس

(ھېكايە)



1

پراكتىكىغا كەلگىنىمىزگە ئىككى ھەپتىدەك بولدى. جەنۇبلۇقلار ھەقىقەتەن مېھماندوست كېلىدىكەن. گەرچە بىر ئىشخانىدا ئىشلىمىسەكمۇ پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار كەينى - كەينىدىن ئۆيىگە باشلاپ «تونۇشتۇرۇش زىياپىتى» بېرىۋاتاتتى.

بۈگۈن كەچتە يەنە بىرسىنىڭكىگە بارىدىغانغا دېيىشتۇق. ئۇ مېنىڭ دىققىتىمنى، شۇنداقلا ھۆرمىتىمنى قوزغاۋاتقان باھارگۈل ئىدى.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە بۆلۈنگەنلەر ئادىلە ۋە مەن ئىككىمىز ئىدۇق. باشقا ساۋاقداشلىرىمىز ئاساسەن تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە يېقىن ئەتراپتىكى يېزا ئوتتۇرىلارغا بۆلۈنگەنىدى.

ئادىلە ئىككىمىز دەرستىن چۈشۈپ تۇرۇشىمىزغا باھارگۈل يېتىپ كەلدى. ئۇ بىر كىرا ھارۋىسىنى توختىتىپ قويغانىكەن. ئۈچىمىز ھارۋىغا چىقىپ يۈرۈپ كەتتۇق.

ناھىيە بازىرى كىچىك بولۇشىغا قارىماي تولىمۇ رەتلىك ۋە پاكىز ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاسفالت يول مەنزىرە دەرەخلىرى ۋە ئەتىرگۈل ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا كوچىلار ئاساسەن دېگۈدەك ياڭاق، ئۆرۈك، ئۈجمە دەرەخلىرى، ئۈزۈم باراڭلىرى بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. ئاندا - ساندا قورۇنى ئايلاندۇرۇپ بەرپا قىلىنغان ھويلا باغلىرى ئىچىدە ئانار، ئەنجۈر، بېھى قاتارلىق مېۋىلەر ئۇچراپ تۇراتتى. قىسقىسى سېنتەبىر ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسى بولغاچقا پۈتۈن ناھىيە تەبىئىي باغنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى.

مەن كوچىلاردا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ناتونۇش چىرايلارغا سەپسالغاچ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ باھارگۈلدىن سورىدىم.

— باھارگۈل، بۇ جەننەت كەبى چىرايلىق يۇرتىڭىزدىن نەچچە يىل ئايرىلىپ ئاجايىپ - غارايىپ كىشىلەر ئارىسىدا، يەنە كېلىپ دۇنيانىڭ ئۇ تەرىپىدە قانداقمۇ قىلارسىز؟

www.uyghurkitap.com



— قارا سېنى، چەت ئەل دېگەندە زېرىكەمدۇ كىشى! ئۇنىڭ ئۈستىگە باھارگۈل ئىرادىلىك قىز تۇرسا، ئۇنچىلىك ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ ئولتۇرمايدۇ دە!- دېدى ئادىلە گېپىمنى بۆلۈپ.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن «ۋەتەن» دېگەن سۆزنى ناتونۇش يات بىر ئەلدە تۇرۇپ دېيىش ئاسان ئەمەس. ھەركىمنىڭ يۈرىكى جىغىلدىماي، كۆزى نەملەنمەي قالمايدۇ،- دېدىم مەنمۇ نارازى ھالدا.

— سېغىنىشنى ئەلۋەتتە سېغىنىمەن. بىراق ئىشىنىمەنكى ئۆگىنىش، تەتقىقات ئىشلىرىغا كىرىشىپلىۋالسام مەيلى نەدە بولسام ماڭا بەرىبىر،-دېدى باھارگۈل مۇلايىم ئاۋازدا.

— نېمە؟! بەرىبىر؟ سىز ۋەتەن خائىنى ئىكەنسىزغۇ؟ - دېدىم ئۇنىڭغا چېقىشىپ.

باھارگۈل ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى. بۇ قىزىرىش ئۇنى تېخىمۇ نازاكەتلىك قىلىۋەتتى. خىيالىمدا يەنە ئۇنى دەسلەپ كۆرگەن چاغدىكىدەك «ئۆزىنى راۋۇرۇس تۈزەشتۈرۈپ يۈرسە كارامەت چىرايلىق بولۇپ كەتكۈدەك» دېگەنلەرنى تەكرار ئويلۇدۇم.

— راست دەيسىز، گېپىم شۇنداق مەنا چىقىرىپ قويۇپتۇ،- دېدى ئۇ خىجالەتچىلىك ئىچىدە،- بىراق شۇنى كېيىن بىلىپ ئېيتالايمەنكى، ھەممىسى، ھەممىسى ۋەتىنىم، خەلقىمنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن.

— ۋاي- ۋۇي، ھازىرمۇ مۇنداق قىزىللاشقان ئىختىساس ئىگىلىرى بارمىكەنغۇ؟- دەۋەتتى ئادىلە.

مەنمۇ ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ پەرۋاسىزلا كۈلۈپ قويدۇم. بىراق ئۇنىڭ سۈزۈك چىرايىدىن ئەستايىدىللىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن ئازراق گەپ ئېلىپ بېقىشنى ئويلىدىمىيۇ، يول ئۈستىدە بىمەپ ھېس قىلىپ توختاپ قالدىم. لېكىن خىياللىرىم يەنىلا باھارگۈل ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئىدى. «قىزىنى چەت ئەلدە ئوقۇتقۇدەك بولغاندىن كېيىن ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادى بەك ياخشى بولسا كېرەك. ئۆيلىرىمۇ بەك پەيزىدۇ ھەقچان» دەپ ئويلاپ باھارگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈشكە ئالدىرىغاچ خىلمۇ خىل ئېھتىماللىقلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ ماڭدىم. ئۇزاق ئۆتمەي ھارۋا توختىدى...

ئۆي مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدەك ھەشەمەتلىك، ئۆزگىچە بولماستىن، ئادەتتىكىچە، ئەمما رەتلىك ھەم پاكىز ئىدى. دادىسى ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ھازىر پېنسىيىگە چىقىپتۇ. ئاپىسى ئىللىق چىراي ئائىلە ئايالى ئىكەن.

ئوخشىتىپ ئېتىلگەن لەغمەننى تارتىنماي يېيىشتۇق. ئالدىمىزغا تىزىپ قويۇلغان ئالمىلارغا، سۇلۇق شاپتۇللارغا تازا مەيلىمىز يوق ئىدى.

— ھەي، ئىسىت، غورا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى - دە، شۇنداق ئاچچىق غورا يېگۈم كەلدى،- دېدى ئادىلە.

— ۋۇي، ئۇنتۇپ قاپتىمەن. باغدا بىر تۈپ قارا ئۈزۈك بار. تازا پىشىپتۇ. ئەكىرەي،- دېدى باھارگۈل.

— بولدى، ئۆزىمىز چىقىپ شېخىدىن ئۈزۈپ يېسەك قانداق؟- دېدىم مەن ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

قۇياش ئاداققى نۇرلىرىنى سەپمەكتە ئىدى. باغنىڭ ئىشىكىدىن كىرە - كىرمەيلا بىر خىل راھەتبەخش ساپ ھاۋا يۈزۈمگە ئۇرۇلدى. باغنىڭ ئورنى

كىچىك بولسىمۇ تولىمۇ رەتلىك ھەم كۆركەم كۆرۈنەتتى. ھەممىلا يەردىن ناھايىتى مۇۋاپىق پايدىلىنىلغانىدى. باھارگۈلنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق. ئۆينىڭ ئارقا تېمىغا ياماشتۇرۇپ ئۆستۈرۈلگەن تال بارىڭىدىن ئۆتىشىمىزگە بىر توپ ئانار كۆزىمىزگە چېلىقتى. سولغا بۇرۇلۇپ كۆك ياڭاق يېيىشكىمۇ رايىمىز يوق، ئۇدۇل ماڭدۇق. قاتار نەچچە توپ شاپتۇل، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر توپ چىلان بىلەن بېھى دەرىخىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇدۇل كەلگۈدەك جايدىكى قارا ئۆرۈك دەرىخىگە كۆزىمىز چۈشتى. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم شېخىدا تۇرغان قارا ئۆرۈكنى كۆرۈشۈم ئىدى. مەن ھاياجان بىلەن مېۋىلەرنى ئاۋايلاپ ئۈزدۈم. قوللىرىمىز بىر دەمدىلا قارا ئۆرۈك بىلەن تولدى. ئۇنى يۇيۇش ئۈچۈن باغدىن قايتىپ چىقتۇق.

— ياخشىمۇ سىلەر؟

باغنىڭ ئىشىكىدە ئوتتۇرا بويى، بەكلا قاملاشقان بولمىسىمۇ ئېسىل سۈپەت كۆرۈنىدىغان بىر يىگىت تۇراتتى.

— بۇ ياق قوشنىمىز بىلال. بۇلار مەكتىپىمىزگە كەلگەن پراكتىكانتلار. بۇ ياق ئەزىزە، بۇ ياق ئادىلە، — باھارگۈل پەس ئەمما يېقىملىق ئاۋازدا بىزنى تونۇشتۇردى. ھەممىمىز سالاملىشىپ باغدىن چىقتۇق.

ئۆيدە بىلال بىلەن بىر دەم ئولتۇردۇق. ئۇ تولىمۇ ئازسۆزلەيدىكەن. بىزنى تارتىنىپ قالار دېدىمۇ، ئۇزاق ئولتۇرمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقا تۇتۇشۇپ كەتتى. بىر دۆۋە ئوتۇننى يېرىپ بولۇپ، دەرۋازا يېنىدىكى باسما قۇدۇقتىن سۇ ئېكىلىپ ئاشخانىدىكى كۆپكە توشقۇزدى. ئۇ خۇددى مۇشۇ ئائىلىنىڭ بالىسىدەكلا ئىدى. ئۇ باھارگۈلنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن خۇددى يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلاردەك پاراڭلىشىپ كەتتى.

بىر دەم تېلېۋىزور كۆرۈپ مېھمانخانىغا قايتىپ چىقىپ ئۈچىمىز قاتارلىشىپ ياتتۇق. مەن تۇيۇقسىزلا بىر نەرسىنى ئېسىمگە ئېلىپ باھارگۈلگە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ دېدىم.

— باھارگۈل، ئېغىر كەلمىسە ئالبومىڭىزنى ئەكىرىپ بەرگەن بولسىڭىز. ئەتىدىن بېرى كۆرمەپتۇق. قارىغاندا ئۇيقۇم كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ.

— ماقۇل.

ئۇ كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئىچىگە چوڭقۇر سېلىۋېتىلگەن ئىككى دانە يوغان ئالبومنى ئالدى. ئادىلە ئىككىمىز بىردىن ئايرىشىپ قولىمىزغا ئالدۇق. ئالبومنىڭ تۇنجى بېتىنى كۆرۈپلا داڭ قېتىپ قالدىم. شۇنداق چىرايلىق بىر قىز ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا ئادىلەمۇ «پاھ» دەۋەتتى. قارىسام ئۇنىڭ قولىدىكى ئالبومنىڭ بىرىنچى بېتىدىمۇ مېنىڭ قولۇمدىكىدەك چوڭايتىلغان بىر پارچە رەسىم تۇراتتى. ئۇ قىز چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈپ دوپپا كىيىپ، ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى كۆتۈرۈپ قايرىلىپ قاراپ تۇراتتى. بۇ ھالەتتە شۇنداق نازۇك كۆرۈنسە، مېنىڭ قولۇمدىكى نۇر بېرىپ تارتىلغان سۈرەتتە ئاجايىپ جەزبىدار، مەغرۇر تۇراتتى.

ئادىلە ئىككىمىز باھارگۈلگە قايتىدىن سەپسالدۇق.

— ۋييەي جېنىم، خاپا بولىسىڭىز جۇمۇ! تاسلا قاپتىمەن بۇ كىم، دەپ سورىغىلى. سىزكەنسىزغۇ؟ نېمانداق چىرايلىق؟

www.uyghurkitap.com

«نېمىشقا هازىرمۇ مۇشۇنداق ياسىنىپ يۈرمەيسىز» دېگەن سوئالنى غۇرتتىمدە يۇتۇۋېتىپ ئورنىغا «كۆرمىدىڭمۇ، تەبىئىي چىرايلىقلىققا نېمە يېتىدۇ» نى ئالماشتۇرۇۋالدىم. ئاغزىمدا دېگىنىم بىلەن ئالدىمدىكى باهارگۈل بىلەن سۈرەتتىكى «چولپان» نى تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالمايلا قالدىم. باهارگۈل كۈلۈپلا قويدى. ھەممىمىز بىر ھازا جىمىپ كەتتۇق. ئارىدىكى سۈكۈتنى تۈگەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر سۈرەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىدىم.

— ماۋۇ كىمۇ؟ ئامېرىكىلىقمۇ؟

— مارىلىن، ئۇيغۇرچە ئىسمى ماھىرە. شىۋىتسارىيىلىك. مېنىڭ ياخشى دوستۇم، شۇنداقلا ئوقۇتقۇچۇم.

— ئۇنەدە تۇرىدۇ؟ سىلەر قانداق تونۇشقان؟ — دەپ سورىدىم سۈرەتتە ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرغان ئوماق سېرىق چاچلىق قىزغا قىزىقسىنىپ.

— مەن ئوقۇغان مەكتەپتە. دەسلەپىدە ئاتا - ئانامنىڭ تەلىپى ئۈچۈنلا ئىشتىن سىرتقى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇنى ئۇستاز تۇتقانىدىم. كىم بىلسۇن؟ ئۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك دوستۇم، مەسلىھەتچىم، شۇنداقلا يۆلەنچۈكۈم بولۇپ قالدى.

— ۋۇي، ماۋۇ رەسىمدە مارىلىن ئۆيىڭىزدىكىلەر بىلەن بىللە تۇرىدىغۇ؟

— ھەئە، ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە نەچچە قېتىم كەلگەن. ئۆيدىكىلەر بىلەن قەدىناس بولۇپ كەتتى.

ئادىلە ئىككىمىز مارىلىنغا قىزىقىپ باهارگۈلدىن بەس - بەستە سوئال سوراپ كەتتۇق. سۆھبەت داۋامىدا مارىلىننىڭ باهارگۈلگە ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلغانلىقىنى، بولۇپمۇ بېشىغا «كۈن چۈشكەن» مەزگىللەردە زور مەنىۋى يۆلەنچۈك بولغانلىقىنى، كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ باهارگۈلنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىقتىساد سەۋەبىدىن چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولاي دېگەندە شىۋىتسارىيىدىكى دادىسىدىن ياردەم سوراپ باهارگۈلگە زور ياردەم بەرگەنلىكىنى يۈزەكى ئاڭلىدۇق.

مېجەزىم شۇنداقمۇ، ئىشقىلىپ باهارگۈلنىڭ بېشىغا چۈشكەن «كۈن» نى بەكلا بىلگىم كەلدى. بىراق تېخى تونۇشقىنىمىزغا ئۇزۇن بولمىغاچقا، بۇ بەكلا قاملاشمىغان ئىشتەك تۇيۇلدى. شۇ قىزىقىش ئىچىدە پۈتۈن پراكتىكا جەريانىدا ئۇ مېنىڭ دىققەت مەركىزىمگە ئايلاندى.

كۈنلەر بىزنىڭ قىيالماسلىقىمىزبىلەن كارى يوق ناھايىتى تېز ئۆتۈشكە باشلىدى. مانا ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ پراكتىكا ۋاقتىمىز تۈگۈشكە ھەپتە ۋاقىت قالدى. «خوشلىشىش زىياپىتى» بۈگۈن باهارگۈلنىڭ ئۆيىگە كەلدى. باهارگۈلدىن ئىبارەت كەمسۆز، ئەمما تېرىشچان، كەسىپنى قىزغىن سۆيىدىغان بۇ قىز مېنىڭ ھۆرمىتىمنى قوزغاۋاتاتتى. ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولۇپ چەتئەلگە ئوقۇشقا چىقىش ئالدىدا بولغان بولسام، چوقۇم قالتىس ھالدا تارتىپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى. بىراق ئۇ دەل ئەكسىچە بولۇپ چىقىۋاتاتتى. دەسلەپىدە «چىرايىنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن» دەپ ئويلىغان بولساممۇ، كېيىنچە مەنمۇ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قېنىق گىرىملىرىممۇ بارغانچە سۇسلىشىپ كەتتى؛

بۈگۈن ئادىلە ئىككىمىز باھارگۈلنىڭ ئۆيىدە قونىدىغانغا كېلىشكەنىدۇق. ئويلىمىغان يەردىن ئادىلەنى بىر تۇغقىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ باھارگۈل ئىككىمىزلا قالدۇق. بۇنىڭدىن بىر ھېسابتا خۇش بولدۇم. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن مىجەزىمىز كېلىشكەنلىكتىنمۇ خېلىلا يېقىن بولۇپ قالغانىدۇق. ئادىلەگە ئېيتمىغان سۆزلىرىمنىمۇ ئۇنىڭغا دېگەنىدىم. بۈگۈنمۇ ئازادە پاراڭلىشىشقا پۇرسەت چىققىنى ھەقىقەتەن تېپىلغۇسىز ئىش ئىدى.

ئىككىمىز دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئايغا قاراپ ئۈن - تىنسىز يېتىپ كەتتۇق. مەن ئاستاغىنە باھارگۈل تەرەپكە ئۆرۈلدۈم.

— باھارگۈل، كېتىش ئالدىدا سىزدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىمنى، ئۇيغۇر قىزلىرى ئارىسىدىن سىزدەك قىزلارنىڭ چىققانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيدىغانلىقىمنى بىلدۈرمەكچىمەن. سىزگە چەكسىز ئۇتۇق ھەم بەخت تىلەيمەن.

— ئەزىزە، تولا مېنى خىجىل قىلماڭ.

— نېمىگە خىجىل بولىسىز؟ سىز بەكلا كەمتەر ئىكەنسىز. بىزدەك كېچە - كۈندۈز كىيىم - كېچەك، مۇھەببەت غېمىدە يۈرۈپ بىر ئائىلىگە كىرىۋالسا ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايدىغانلارغا ئوخشىمايسىز ئەمەسمۇ؟ ئالدىڭىزدا ماختىغىنىم ئەمەس، سىزدىكى تىرىشچانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك غايە مېنى ھەقىقەتەن قايىل قىلدى ھەم ئويغا سالدى.

— بولدى سۆزلىمەڭ، مەن ئۇيىلىپ كېتىۋاتىمەن. مەن ھەرگىز سىز ئويلىغاندەك ياخشى قىز ئەمەس. مۇنداق دېسىڭىز ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىپ كېتىدىكەنمەن. مېنىڭ تارىخىمنى بىلگەن بولسىڭىز مۇنداق دېمەس ئىدىڭىز!

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. مەن نېمىنى خاتا سۆزلەپ قويغىنىمنى بىلەلمىدىم.

— ئەزىزە، بىلىمەن سىز ناھايىتى سىرداشقاق، ئاق كۆڭۈل قىز. بەلكىم سىز بۇ قېتىم كەتكەندىن كېيىن قايتا كۆرۈشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. بىراق سىز مەن ئۇچراتقان بىردىنبىر دوست بولۇشقا لايىق قىز. سىزنىڭ ماڭا قىلغان ھۆرمىتىڭىز مېنى بارغانسېرى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. ئەگەر سىزگە ئېيتسام سىز چوقۇم مەندىن نەپرەتلىنىسىز.

— مۇمكىن ئەمەس، تارىخىڭىز ياخشى بولغاچ كەلگۈسىڭىزمۇ ياخشى. ئۇنداق بولمىغاندا سىزدەك يارامىلىق قىز يېتىشىپ چىقالامتى؟

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاڭ، مەن قانداق قىز ئىكەنمەن. شۇ چاغدا بىلىسىز. ئۇنىڭ ھېكايىسى پۈتۈن دىققىتىمنى، ھەتتا جىسمىمنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى.

2

مەن باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ھەقىقەتەن بىر «مەغرۇر تۇز» ئىدىم. چىرايىم ۋە بوي - بەستىمدىن ئۆز - ئۆزۈمگە تەمەننا قوياتتىم، ئۆز كەسپىم ئەدەبىياتتىن ئۆتە سەنئەتكە بەكرەك ھەۋەس قىلاتتىم. شۇڭا ۋاقتىم كۆپ ھاللاردا مەكتەپ زالىدا ئۇسسۇل مەشقى بىلەن ئۆتەتتى. پەقەت بەزى - بەزىدە مەجبۇرەن بوينۇمدىن باغلاپ دېگۈدەك مارىلىنىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنەتتىم. كېيىن سەنئەتكە بول-

غان قىزىقىش ۋە دائىملىق زېرىكتىسىيە جەريانىدا مەكتەپىمىزدىكى گىمنازار ۋە ئېلېكترونلۇق روياللاردا رەسىمنى يېتىشكەن «تالانتلىق ناخشىچى» دەپ ھەممەيلەن كۆز تىككەن بىرسى بىلەن تونۇشتۇم. كېيىن يۈرۈپمۇ قالدىم. شۇ سەۋەبلەر بىلەن ئۆزۈمنى بىر ساناپ بارا-بارا مارىلىنىمۇ ئىزدىمەيدىغان بولدۇم. (ۋاقتىم يوق ئىدى) بىر كۈنى مارىلىن مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن ياتىقىغا باردۇق. بىرخىل ياۋروپا پۇرىقى چىقىپ تۇرغان ئاددىيلا زىننەتلەنگەن ئۆيدە مارىلىن ماڭا نەسىھەت قىلماقتا ئىدى.

— باھارگۈل، سەن چىرايلىق ھەم تالانتلىق، بىراق ئەسلى مۇددىئا يېڭى ئارتىس بولۇش ئەمەس، بەلكى بىر يازغۇچى ياكى ئوقۇتقۇچى بولۇش. سەن ئۇنچىۋالا ۋاقتىڭنى سەرپ قىلمىساڭمۇ سىلەر ئۇيغۇرلار تۇغۇلۇشىڭلاردىلا ئارتىس بولۇپ تۇغۇلىدىكەنسىلەر. مېنىڭچە كېيىن ساڭا ھەممىدىن بەكرەك ئەسقاتىدىغىنى يەنىلا ئۆز كەسپىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، سەن ھازىر بېشىڭچىلاپ مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ كېتىۋاتىسەن. مېنىڭچە ھەممە ئىش نورمال بولغىنى تۈزۈك. «قىزىق سۇ ھامان يۈزنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ» كىنولاردا بىزنىڭ ئۇ تەرەپتىكى ياشلارنى بەكلا ئەركىن چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداقمۇ ئەمەس...

— كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن نارازىلىق پەيدا بولدى! «ئاۋۋال گېپىمنى دەپ بولسۇن» دەپ ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىگەن «لۇتۇق» نى ئاڭلىدىم.

— مەن ياپىياش، تېخى توي قىلمىدىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆز ۋەتىنىمدىن ئايرىلىپ يات ئەلدە، يات مىللەت ئارىسىدا ماڭا نېمە بار؟ ئەسلى مەنمۇ كىچىك تۇرۇپلا تورغا چۈشتۈم. ئۇنىڭ ئىسمى جېك ئىدى. ئۇنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتىم. مەن پەقەت ئۇنىڭ بىلەنلا بىر ئۆمۈر ياشاشنى خالايتتىم. بىراق توي تەييارلىقى قىلىنىۋېتىپ ئۇ تۇيۇقسىزلا كېپىمدىن يېنىۋالدى. يالۋۇرۇشلىرىمغا پەيسەنت قىلمايلا مېنى تاشلاپ باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىۋالدى. دىلىم بەكلا ئازار يېدى، مېنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇشقا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. بىراق ھېچنېمە قىلالمىسامۇ ئۇنى ئۇنتۇيالمىدىم. ئاخىرى مېنى ئازاب ئىچىدىن كەسپىم قۇتۇلدۇرىۋالدى. كېيىن يىراق بىر يەرگە كېتىشنى ئويلىدىم. ئاخىرى ئەڭ شەرەپلىك بىر خىزمەتنى تاللىۋالدىم. ئۇ بولسىمۇ يات ئەللەردە، يات مىللەتلەرگە ئۆز مىللىتىمنىڭ تىلىنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت. شۇ ۋەجىدىن بۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن. بىر تەرەپتىن سىلەرگە ئانا تىلىمنى ئۆگىتىمەن، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىكىنى ئۆگىنىۋاتىمەن... قىسقىسى سېنىڭ سوغۇققان بولۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر مەندەك ئىشقا يولۇقۇپ قالساڭ سەن ھەم نازۇك ھەم مەغرۇر، بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيسەن...

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولمايلا كۆڭلۈم كېلىپ كەتتى.

— تۇۋا، ھېلىغىچە سەندىن سورىماپتىمەن. سېنى ئوقۇغىلى كەلدى دېسەم، ناھايىتى بىر بەرنى دەپ ۋەتىنىڭدىن ئايرىلىپ مۇشۇنداق يەردە يىگانە يۈرۈ

ۋېتىپسەنغۇ. ها... ها... ها...
ئۇنىڭ بۇگەپلىرى تولىمۇ كۈلكىلىك
ئاڭلاندى. ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭغا مەن
نەسىھەت قىلىشقا باشلىدىم:
— ماڭا قارا ماھىرە، شۇمۇ ئىشمۇ؟
سەن تېخى ياپ-ياش ھەم چىرايلىق،
ئالتۇن چاچلىرىڭ بىلەن زەڭگەر كۆز-
لىرىڭلا ئادەمنى مەست قىلىۋېتىدۇ. مې-
نىڭچە بولغاندا ۋەتىنىڭگە قايت، سې-
نىڭ بۇ يەردە جاپا تارتقىنىڭنى كىم
كۆرىدۇ؟ جىكتىنمۇ كېلىشكەن بىرىنى
تاپ، جىكقا ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ قوي!
بىراق ئۇ بېشىنى چايقاپ:
— NO... ساڭا بىكار سۆزلەپتىمەن.
سەن بەربىر چۈشەنمەيسەن. ئېيتقاند-
لىرىمنى بولدى ئۇنتۇپ كەت، — دېدى.
مەن ھەقىقەتەن ئالدىراپ كۈلگەن
ئىكەنمەن. يەر شارى ئۆز ئوقىدا ئاي-
لىنىدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ بۇ قىسمەت
رئايلىنىپ كېلىپ مېنىڭ بېشىمغا چۈش-
تى. مەن ئۆزۈمنىڭ ياتاقدىشىم، سىر-
داش دوستۇمنىڭ، بۇ قىسمەتنىڭ سە-
ۋەبچىسى بولۇپ قالارىنى ئەسلا ئويلى-
مىغانىكەنمەن. مېنىڭ قىز دوستۇم ئەمە-
دىلىكتە، ئوغۇل دوستۇمنىڭ قىز دوس-
تى... بۇنىڭغا ئەمدى ھەر قانداق گەپ
سۆز كەلمەيتتى. مانا شۇ كۈنلەردىلا
مەن يالقۇننىڭ مارىلىنىڭ گېپىنىڭ
تېگىگە يەتتىم.
يالقۇن — مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوس-
تۇم، پارتىدىشىم ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن
دەسلەپتە ئۇرۇشۇپ تونۇشقان بولساق-
مۇ كېيىن ناھايىتى ئىجىل سىرداش
دوست بولۇپ قالغانىدۇق. مەن ھەر
قانداق ۋاقىتتا ئاتا - ئانامنىڭ سېنىڭ
ئەڭ ياخشى دوستۇڭ ۋە تايانچىڭ بو-
لىدۇ دەپ ئويلايتتىم. بىراق بەزىدە
ئاتا - ئانىمۇ ساڭا ياردەم قىلالماي-
دىغان ئىشلار بولىدىكەن. يالقۇن ماڭا
يەتكۈزگەن دوستلۇق، دۇنيادىكى ھەرقان-
داق مۇھەببەتتىن ئۇلۇغ ھەم يۈكسەك
ئىدى. ئۇنىڭ دوستلۇقى ھەممايىمىزدە
ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلەر، مېنىڭ قەلبىگال-
بومىدىكى ئەڭ قەدىرلىك سۈرەت ئىدى.
ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ تونۇش-
تۇق دېيىشىمدە مۇنداق سەۋەب بار
ئىدى. ئالىي مەكتەپكە يېڭىلا كەلگىنى-
مىز ئۈچۈن ھەممىمىز ئۆز ئارا يېتىر-
قايتتۇق. ئۆيلىمىزدىن ئايرىلغاچقا كۆڭ-
لىمىز بىر - بىرسىمىزنىڭكىدىن نازۇك
ئىدى. مۇئەللىم دەرس باشلىنىش ئال-
دىدا سىنىپ يىغىنى ئېچىپ نېمىنى-
كۆزلىدىكىن ئورنىمىزنى رەتلىدى. سىنى-
پىمىزدا ئون بەش قىز، ئون ئۈچ ئوغۇل بار
ئىكەن. نەتىجىدە يالقۇن ئىككىمىزنى ئەڭ
ئالدىدىكى پارتىدا بىللە ئولتۇرغۇ-
زۇپ قويدى. ئەتراپىمغا قارىسام ساپ-
لا قىزلار بىلەن قىزلار، ئوغۇللار بى-
لەن ئوغۇللار ئولتۇرۇپتۇ. مۇئەللىم
مېنى قانداق قىز كۆرۈپ قالدىكىن؟
قاراپ تۇرۇپ ئوغۇل بالا بىلەن ئول-
تۇرغۇزۇپ قويغىنىنى! مەن ئەلەمگەچى-
دىماي ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتىم. مېنىڭ بۇ
قىلىقىم ئۇنى بەكلا ئوسال قىلغاچقا ئۇ
خېلى كۈنلەرگىچە ماڭا ئۆچمەنلىك قى-
لىپ يۈردى. بىراق قانداق بولدى. ئۇ-
زۇن ئۆتمەي بىز شۇنداق چىقىشىپ كەت-
تۇق. زادى قاچاندىن بېرى ئارىمىزدا
ئۇنداق دوستلۇق شەكىللەنگەنلىكىنى
ھېلىمۇ دەپ بېرەلمەيمەن.
سىرتتىن قاراشقا ئۇنىڭ مىجەزى
«بەكلا غەلىتە» ئىدى. كۆپ ھاللاردا
قولىنى ئۇزۇن سۇنۇپ جۇپلەپ «قول
تاپانچا» سى بىلەن كىملەرنىدۇ قارى-

غا ئالاتتى. پات - پات دەرس ۋاقتىدا ھەزىلكەشلەرنى قىلىپ بىزنى كۈلدۈرەتتىيۇ، ئۆزى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئولتۇراتتى، گاھى ئىختىيارسىز جوزىنى چېكىپ ماسلاشتۇرۇپ ناخشا ئوقۇپ كەتسە، گاھى توختىماستىن تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىغا «ئاۋاز بېرىپ» بىر - بىرلەپ ياداپ چىقاتتى، شۇندا قىتىمۇ دەرسكە بەكلا كاللىسى ئىشلەيتتى. ئەمما مۇئەللىم دەرس سورىسا، بىر ئامالىنى قىلىپ، غەلىتە قىلىقلارنى قىلغىلى باشلايتتى - دە، مۇئەللىم ئامالسىز ئولتۇرغۇزۇۋېتەتتى. پات - پات يانىدىكى تارتمىدىن بىر نەرسىلەرنى ئىزدىگەن بولۇپ، بېشىنى پارتىغا تىقىۋېلىشلىرىچۇ تېخى! شۇ ئان دىققىتى بۆلۈنگەن مۇئەللىم سورايتتى:

— يالقۇن نېمە قىلىۋاتىسەن!

— ھە؟! مانا، كۆرمىدىڭىزمۇ، كىتابىمنى ئىزدەۋاتىمەن.

ئۇنىڭ قويۇق يەرلىك شىۋىدىكى سۆزلىرى بىلەن ئىككى ياققا چايقىلىپ تۇرۇشى ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى.

قارىماققا ئۇ شۇنداق «بىزەڭ» ئىدى، بىراق ئەمەلىيەتتە روھىي دۇنياسى بەكلا گۈزەل ئىدى، مەيلى كىم بولسۇن، دەردىنى تۆكسە چىن قەلبىدىن تەسەللىي بېرەتتى، ئۇنىڭغا ئۆز ئىشىغا باش قاتۇرغاندەك باش قاتۇرۇپ مەسلىھەت كۆرسىتەتتى، ئۇنىڭ پىكىر قىلىشىغا مەن بەكلا قايىل ئىدىم. ئۇ خۇددى بىلىمدان بوۋاينىڭ ئۆزى ئىدى. شۇڭا ئۇنى «قېرى» دەپ چاقىراتتىم. قىسقىسى، ئۇنىڭ بىلەن بەكلا چىقىشاتتىم. ئۇمۇ يۇرتىدىكى قىز دوستىنىڭ پاراڭلىرىنى قىلىپ بېرەتتى، بەزىدە ئۇنىڭغا بىللە بېرىپ سوۋغات تاللىشىپمۇ بېرەتتىم، ئىچ سىرلىرىنى دېيىشەتتىم، ئۇ ئۈن - تىنسىز ئاڭلايتتىيۇ بىرەر ئېغىز گەپ قىلمايتتى. يىگىتىمنىڭ يالقۇن بىلەن ئارىلىشىدىغانلىقىنى بىلگەچكە «ئۇ قانداقراق؟ مېنى ئالداپ كەتمىگەندۇ - ھە! ماڭا ماس كېلەمدۇ؟» دەپ سورىسام «ئۆزۈڭ بىلىدىغانسەن، ياخشى يىگىت» دەپلا جاۋاب بېرەتتى، ئەمدى ئويلىسام ئۇ بىلىپ تۇرۇپ مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن ھەم ئۆزىنىڭ باشقىلارنى يامان دېمەيدىغان خاھىشى ئۈچۈن شۇنداق دەپتىكەندۇق.

بىر كۈنى كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتى ئىدى. يالقۇن ئەڭ ئارقىدىكى بوش ئورۇندا، مەن ئالدىدىكى ئۆزۈمنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ قەغەز ئايروپىلان ئېتىشىۋاتاتتۇق، (سىرتتا تۇنجى يامغۇر يېغىۋاتقاچقا پەقەت دەرس تەكرارلىغۇمىز كەلمىگەنىدى) ئۇنىڭ ياسىغان ئايروپىلانى بەك ياخشى ئۇچاتتى. بىراق مېنىڭ ئايروپىلانىم پەقەتلا ئۇچمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئايروپىلانىمنى ئۇنىڭ «ئۇچىدىغان» ئايروپىلانىغا ئالماشتۇرۇپ بېرىشىنى ئېيتسام ئۇ ئۇنىمىدى. مەن «بىر قەغەز ئايروپىلانغىمۇ چىدىمىدىڭىزمۇ؟» دەپ دومسىيىپ ئولتۇرۇۋالدىم. بىر چاغدا يېنىمغا تونۇش ئايروپىلان ئۇچۇپ چۈشتى. قارىسام بىر قانىتىغا «خاپا بولما»، بىر قانىتىغا «كۆكەمە» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. مەنمۇ يوغان قىلىپ «چىدىماس» دەپ يېزىپ ئۇنىڭغا قارىتىپ كۈچەپ ئاتتىم. ئويلىمىغان يەردىن ئايروپىلان ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، ئوچۇق دېرىزىدىن سىرتقا چىقىپ كەتتى. جىدەللىمىز يەنە باشلاندى. ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ بولدى قىلمىدى. ئاخىرى مەن

قېيداپ بىنادىن چۈشۈپ ئايروپىلاننى ئاچقىش ئۈچۈن ماڭدىم. پەسكە چۈشسەم ئايروپىلان يامغۇردا تۈگىشىپ كېتىپتۇ. مەن قاقاقلاپ كۈلۈپ چىقسام، ئۇ بىر دەمدىلا تاتىرىپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. مەن ئايروپىلان ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتقان چېغى دەپ قېشىغا بارسام قولىدا بىر پارچە خەت تۇرۇپتۇ. نېمە بولغىنىنى سورۇشتۇرسام پەقەت دېگىلى ئۇنىمىدى، ئاخىرى ۋاقىت توشۇپ ياتاققا قايتقان ۋاقىتتىلا «تۈگىدى، ئۇ توي قىلغۇدەك» لا دېدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بۆلەكچىلا ئۆزگىرىپ كەتتى، تېخى پات-پات سىنىپقا غەرق مەست كىرىدىغان بولدى. مەن ئاشۇ پەيتلەردە ئۇنىڭغا تەسەللى ئورنىغا كايىپ كېتەتتىم. «ھەي دۆت، مۇھەببىتىڭ ۋاپاسىزلىق قىلغان بولسا دۇنيادا قىز تۈگەپ كېتەمتى؟ قارىمامسەن، ھەر-ھەر قىزلار تۇرۇپتۇ، شۇلاردىن بىرىنى تاللىساڭ بولمامدۇ؟ قالغىنىنى ماڭا قويۇپ بەر...».

مانا ئاشۇنداق دېگەنلىرىم بىر-بىرلەپ ئالدىمغا كەلدى. ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغۇدەك بولدۇم. توۋا، باھاردا ئېچىلغان گۈل-چېچەكلەرنىڭ كۆزۈمگە مۆلدۈردەك سوغۇق كۆرۈنۈپ كەتكەنلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە. راست ئىكەن. مەندەك «ئۆزىنى بىر ساناپ يۈرۈيدىغان، مەغرۇر توز» بۇ زەربىگە ھەقىقەت بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتىم، قېنى، كىنولاردىكى مەن قولۇمدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيدىغان كىتابلاردىكى ساپ مۇھەببەت، قېنى، باشقىلاردىكى غۇرۇر، ھېچ بولمىغاندا مېنىڭ قىز دوستۇمدىكى ئاز-تولا دوستلۇقنىڭ يۈز-خاتىرىسى!

ئويلىغانسېرى قېنىم قىزىپ، كاللام چاراسلاپ كېتەتتي. تۇرۇپلا بۇرۇن ئۆزۈمگە ھەددىدىن زىيادە تەمەننا قويۇپ يۈرگىنىمگە پۇشايمان قىلسام، تۇرۇپلا يىگىتىم ماڭا ئاجايىپ قەدىرلىك بولۇپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈندۇر. قولۇڭدىكى ئاددىي بىر نەرسىنى سەن ياقتۇرمايتتىڭ. بىراق كېيىن باشقىلار ئۇنى قەدىرلىسە، ئەلۋەتتە ئۇ نەرسە ساڭىمۇ قەدىرلىك بىلىنىپ كېتىدىكەن. بىراق مۇھەببەتنى مەن ئۇنداق قەدىرسىز نەرسە دەپ قارىمايتتىم ئەلۋەتتە.

ساۋاقداشىم، بۇرۇنقى قىز دوستۇم، ھازىرقى يىگىتىمنىڭ بەختلىك يارىنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق ئىدى. ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىسا تۈلكىنىڭ ئالدىمغا چۈشكەن بۆرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىگەن سىياقىدەك كۆرۈنەتتى، قاپىقىنى تۈرسە ئېسىل باي نامرات كىشىگە ياكى ھاجەتمەنگە قاپىقىنى تۈرگەن سىماسى كۆز ئالدىمغا كېلەتتى، قىسقىسى ئۆزۈم باشقىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدىكى توپىدىن ئۆتە بولۇپ كېتىۋاتاتتىم، كىنولار بىلەن، كىتابلار بىلەن سېلىشتۇراتتىم، كاللامدىن ئۆتمەيتتى، قىسقىسى شۇ نەچچە ئاي ئىچىدە مەن تۈگىشىپلا كەتكەنىدىم. ئۇزاق-ئۇزاق ئويلاندىم، ئاخىرى رەقىبىمنىڭ تاپىنى ئاستىدا «ئىتتەك خار» بولۇپ ئۆتۈشنى غۇرۇرۇمغا خىلاپ ھېس قىلىپ، پېشىمنى قېقىپلا مەكتەپتىن چېكىنىشنى ئويلىدىم (ھازىر ئويلىسام ھەقىقەتەن ئاشۇرۇۋەتكەن ئىكەنمەن).

ئاشۇ كۈنلەردە يالقۇن ماڭا بەكلا كۆيۈنەتتى. شۇڭا ئۇنى بىردىنبىر سىرداشىم، يېقىنىم ھېسابلاپ «قارار»ىنى كېتىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. مەن ئۇنىڭغا چې-

كىنىمەكچى بولغىنىمنى ئېيتتىم. ئۇنىڭ مۇلايىم چىرايى شۇنداق تېز ئۆزگەردى.

— باھار، سېنى خېلى غۇرۇرلۇق قىز دەپ يۈرۈپتىمەن تېخى، مۇشۇ ھالىڭغا ئۆزۈڭنى ئادەم ساناپ يۈرەمسەن؟ بىر دوغۇل بالا ئۈچۈن؟

— نېمە دەۋاتىسەن؟ مەن بىر دوغۇل بالا ئۈچۈن ئۇنداق قىلىۋاتقىنىم يوق. نېمانداق ھەتتا سەنمۇ مېنى چۈشەنمەيدىغانسەن؟

— ھېلىغىچە سېنى چۈشىنىمەن، دەپ ئويلايتتىم، بىراق خاتا ئويلاپتىمەن.

— يالغۇز، سەنمۇ ئۆزۈڭنى مېنىڭ ئورنۇمغا قويۇپ ئويلاپ باقساڭچۇ؟ مەن پەقەت چىدىيالمىدىم.

مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتىم.



دېرىزىدە ماڭا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ تۇراتتى-يۇ، مېنىڭ يىغام بىلەن بايام مەجبۇرىي تۇرۇۋالغان قاپقىنى ئېچىپ مېنى باغرىغا باستى. ئۇ ھەرگىزمۇ باشقىچە باغرىغا بېسىش ئەمەس، خۇددى ئاتىنىڭ قىزىنى باغرىغا باسقىنىغا ئوخشاش. (مەن ئۇ مىنۇتلارنى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن).

ئۇ مېنى بەزلەپ يېشىمنى سۈرتتى:

— باھار، ئېيتقىنا، ساڭا قانداق ياردەم قىلاي؟

— بولدى، ھېلىمۇ مۇشۇنچىلىك قىلالىغىنىڭمۇ يېتەر!

— ياق، نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن؟ مەن ساڭا نېمە ئىش قىلىپ بېرەلىدىم؟ مەن سېنىڭ مۇنداق ئاچچىق يۇتۇپ يۈرۈشۈڭگە چىدىمايمەن. قانداق قىلسام ئاچچىقىڭ چىقار ھە؟!

— مەن ھامان ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ قويىمەن!

— قانداق قىلىپ؟!

— مەنمۇ باشقا بىرسى بىلەن يۈرۈيمەن.

— ھەي يۈزى قېلىن، نېمە دەۋاتىسەن؟! — ئۇ مېنى كولدۇرمەكچى بولۇپ ئەتەي قىچىقلىدى، — سېنىڭچە بۇ ئوبدان چارىمۇ؟

— ھە ئە، ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۆچ ئېلىش ئۇسۇلى.

— ئۇنىڭغىمۇ كۆرسىتەرسەن. بىراق كېيىنلىكىڭنى ئويلىدىڭمۇ؟ ئۇ چاغدا سەن كىمگە ئوخشاپ قالىسەن؟

— مەن ئېغىر ئۇھسىنىپ ئۈنچىقمىدىم. ئۇمۇ قوشۇمىسى تۈرۈلگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئىككىمىز بىرھازاغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتۇق. تۇيۇقسىز ئۇ كەسكىن تەلەپپۇزدا:

— ئىككىمىز يۈرەيلى، بولامدۇ؟ — دېدى.

شۇئان مەن بايا ئۇنىڭغا «بىرسى بىلەن يۈرىمەن» دەپ ئويلىماي دەپسالغان گېپىمدىن بەكلا خىجىل بولدۇم. يۈزۈمگە ئوت كەتكەندەك بولدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشتىن نومۇس قىلىپ ئۆرۈلۈپلا كەينىمگە ياندىم.

— ھە! ھەقىچان مېنى «تاشلاندۇق»

دەپ يارىتىمەيدىغۇ دەيمەن!

— نېمە، «تاشلاندۇق» مەن تۇرسام!

مېنى پەقەت شۇندىلا دېيەلىدىم. خىجىللىق ئىلكىدە ئەتىسىمۇ ئۇنىڭغا قارىيالمىدىم.

...............

كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتىم، ئۇ يېڭى ئورنىدىن يەنە مېنىڭ پارتامغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك گەپ باشلىدى:

— قارا، ئاخشام ياتاقتا جىن-ئالۋاستىلارنىڭ كېيىمنى ئاقلىشىپ ئولتۇرغانىدۇق، ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا ھاجەتخانىغا چىقىپ كىرەي دەپ چىقالمىدىم، چىقىپ كېتەي دەپ تۇرسام كەينىمدىن شۇنداق قورقۇنچلۇق ئاۋاز چىقتى.

— ھە؟ راستمۇ، نېمە ئاۋازكەن ئۇ؟ مەن ھېلىقى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن.

— مەنمۇ دەسلىپىدە ئىلغا قىلالمىدىم. نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇيۇقسىز ئەقلىمگە كېلىپ يان قورالىمنى چىقىرىپ تەگلەپتىمەن.

— سەندە يان قورال، نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— شۇنى دېمەمسەن؟ كۆزۈپ قاپتىمەن، خۇددى قورالىم باردەك؛ قارىسام ھېلىقى جىنمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— ۋىيەي، كىچىك بالىغا گەپ قىلغاندەك قىلىۋاتامسەنغۇ؟ «جىن كۈلدى» دەيدۇ تېخى، جىنمۇ كۈلەمدۇ؟

— يالغان ئېيتمىدىم، راست. ئەسلى ئەخمەت مېنى قورقۇتۇش ئۈچۈن كىرلىكىنى بېشىغا ئارتىپ كەينىمدىن چىققانىكەن.

مەن كۈلۈپ كەتتىم، شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز ئېچىلىشىپ كەتتۇق، ھېلىقى ئىشلارنى قايتا سۈرۈشتۈرمىدۇق، مەنمۇ ئىككىنچىلەپ ئۇنداق گەپنى قىلمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ماڭا باشقىچە كۆيۈنۈپ «روھىي كېسىلىم»نى داۋالايدىغان دوختۇر بولدى. بارلىق ۋاقتىنى ئاساسەن دېگۈدەك ماڭا سەرپ قىلدى. سىنىپتا ئازراق جىمىپ كەتسەم دەرھال قېشىمغا كېلەتتى-دە، ھەر خىل قىلىقلار بىلەن مېنى كۈلدۈرەتتى. ئىشقىلىپ ئاشۇ چاغدىكى ئۆزگىرىشچان ھاۋارايىدەك ئۇسال مىجەزىمدىن زېرىكمىدى. ئامال بار كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئويلىمىشىمغا پۇرسەت بەرمەي، دىققىتىمنى باشقا ئىشلارغا جەلپ قىلدى. بارا-بارا كۆڭۈلسىزلىكلىرىم ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا بولغان يېقىنلىقىم، ئىشەنچىم ئاشتى. ئۇنىڭ ئاشۇ يامان كۈنلەردە قىلغان ياردىمى ئاداققى نەپىسىمگىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ!

ھازىر ئويلاپ كېتىمەن. نەقەدەر كۆڭۈللۈك، غۇبارسىز چاغلار ئىدى-ھە! ئەتىگەن چىقىپلا مەندىن ئېسەنلىك سورايتتى. مەنمۇ پۇرسەت تاپسىلا ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ بولۇپ ئاندىن ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇراتتىم. كېيىن ئاۋارىچىلىق ھېس قىلىپ يەنە بىر پارتىدا ئولتۇرغانىدۇق. ئىشقىلىپ كۈندىلىك مەشغۇلاتىمىز، ھەتتا نېمە تاماق يېيىشكىچە بىر-بىرىمىزنىڭ نەزەرىدىن ساقىت بولمايتتى. غەلىتە ئىش، شۇ كۈنلەردە قىش-ياز پۇت-قولۇم ئىسسىماي مۇزدەك تۇراتتى. قىش كۈنى كۆپىنچە مۇزدەك قوللىرىم ئۇنىڭ قولىنىڭ ھارارىتىدە ئىللىيتتى. سائەت-سائەتلەپ قولىمىزنى تۇتۇشۇپ ئولتۇرساقمۇ بىز شۇ قەدەر ساپ ئىدۇق (ھېلىھەم ھەر قانداق كىشىنىڭ ئاشۇ

دوستلۇقىمىزنى خاتا ئويلاپ قالماسلىقىنى خۇدادىن تىلەيمەن).

شۇنداق قىلىپ ئاچچىق- تاتلىق، خۇشال، خاراموش ھالدا ئوقۇشىمىزمۇ تۈگىدى. نەچچە يىللىق دوستلۇقىمىز نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتۈپ باشقا ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ نەزەرىدىمۇ «ھەقىقىي دوستلۇق» دەپ تەرىپلىنىپ كەلدى.

ئايرىلىش كۈنلىرى يېقىنلاشقانسېرى شۇنچە جىمىپ كەتتۇق. بولۇپمۇ مەن بەك ئازابلىناتتىم، چۈنكى ئەمدى بۇ كۈنلەر كەلمەسكە كېتىۋاتاتتى. ئۇ دېگەن شەھەردىن، مەن بولسام شۇ ۋىلايەتنىڭ ئەڭ يىراق ناھىيىسىدىن. ئايدا، يىلدا كۆرۈشەلىسەكمۇ، بىراق ...

ئادەم ئايرىلىش ئالدىدا ئاندىن بىر-بىرىنىڭ قەدرىگە يېتىدىكەن. سىنىپتىكى يىگىرمە سەككىز ساۋاقداش بۇرۇن ھەرنېمە دېيىشىپ يۈرگەن بولساقمۇ ئەمدىلىكتە ھەممىمىز شۇنداق ئىنتىپاق بولۇپ كېتىشتۇق.

مانا ئەڭ ئاخىرقى ئۇزىتىش مۇراسىمى كۈيسەن رېستورانىدا ئۆتكۈزۈلدى. بىراق ئويلىمىغان يەردىن مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلەردىمۇ ماڭا ئارامچىلىق بولمىدى. جانجىگەر قىز دوستۇم بۇرۇنقى مېنىڭ، ھازىرقى ئۆزىنىڭ يىگىتىنى بىللە ئېلىپ كەپتۇ. ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئۇ ئىككىسىنى بىللە كۆرۈش مەن ئۈچۈن ھاقارەت ئىدى. بۇ ھالەتنى ھەر قانداق بىر قىز چوقۇم تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ!

مەن تىكەن ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بىئارام ئىدىم. كۆڭلۈم تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە پاراكەندە ئىدى. يالقۇننىڭ ئالدىدا چاندۇرماسلىققا شۇنچە تىرىشساممۇ يەنىلا كەيپىياتىمنى تىزگىنلىيەلمەي قالدىم.

بىر تىزىق مارجان بىر دەستە گۈلدەك،
ئۆتكەن ئىدۇق ساۋاقداش بولۇپ.
ئەمدى بىز بۈگۈن ئايرىلار بولدۇق،
جۇدالىق يېشى كۆزلەرگە تولۇپ.

..............................

مۇزىكىغا جور بولۇپ ھەممىمىز ئۈنلۈك يىغا-زار قىلىشتۇق. مەن ساۋاقداشلىرىمغا چىدىماي يىغلاۋاتقانلىقىمنى ياكى قوغلىشىشقا تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەر ئۈچۈن بىھۇدە سەرپ قىلغان قىممەتلىك ئوقۇش ھاياتىمغا يىغلىدىممۇ بىلمىدىم. تۇيۇقسىز بىرسى كېلىپ مېنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. قارىسام ئۇ ھېلىقى قىز دوستۇم ئىكەن، ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتىم نەلەرگىدۇ غايىب بولدى. مەنمۇ ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلىدىم. ئىككىمىز تازا يىغلىشىۋاتقان پەيتتە بىر قول كېلىپ ئىككىمىزنى ئاجراتتى. قارىسام بۇرۇنقى يىگىتىم ئىكەن. خىيالىمدا ئۇمۇ مەندىن ئەپۇ سورىغىلى كەپتۇ-دە، دەپ ئويلىدۇم. بىراق مېنىڭ ئۇنى كەچۈرۈشۈم مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

نېمىسىنى دەي؟ ئۇ مەندىن ئەپۇ سورىغىلى ئەمەس، دوستۇم ھەم رەقىبىمنى تانسىغا تارتقىلى كەپتۇ.

يالغۇز ئولتۇرۇپ تازا ئىچتىم. ئۆزۈمنى سەزمىگەن ھالدا پىۋا ئىزدەپ ئوغۇللارنىڭ ئۈستىلىگە بېرىپ قاپتىمەن. بىر چاغدا قارىسام يالقۇن ماڭا غەزەپ بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. مەن پەرۋاسىزلا قولۇمدىكى پىۋىنى كۆتۈرۈۋەتتىم. ئۇ قوپاللىق بىلەن قولۇمدىكى ئىستاكاننى تارتىۋېلىپ تاقىدە ئۈستەلگە قويۇپ قويدى.

مەن ئۈن- تىنسىزلا ئورنۇمغا قايتىپ كەتتىم. بەزىلەر يىغلىشىۋاتقان

بەزىلەر خۇشال ئانسا ئوينىۋاتقان، بە-
زىلەر بىر-بىرسىدىن ئەپۇ سورىشىۋات-
قان... بىراق ھېچىسىمە خىيالىمغا كىرىپ
چىقمايتتى. ئويى-خىيالىم كۆپرەك ئى-
چىپ بالدۇرراق مەست بولۇۋېلىش
ئىدى.

سائەت ئون ئىككىلەردە تارىدۇق.
مەكتەپنىڭ ئاپتوموبىلى بىزنى ئال-
غىلى كەلدى. يالقۇن مېنى يۆلەشتۈرۈپ
ئالدىدا چىقتى. سۈرۈلۈپ - سۈرۈلۈپ
ئەڭ ئاخىرقى ئورۇنغا بېرىپ قالدۇق .
ئۇمۇ ئاران - ئاران تۇراتتى. بىر كەمە-
ۋە قارىسام ئوڭ تەرىپىمدە يالقۇن، سول
تەرىپىمدە بۇرۇنقى يىگىتىم. يىگىتىمى-
نىڭ سول تەرىپىدە (تۆردە) قىز دوس-
تۇم قاتارلىشىپ ئولتۇرۇپتۇق. تووۋا دەي-
مەن. شۇنداقمۇ توغرا كېلىپ قېلىش
بولامدۇ؟ شۇنى خىيال قىلىپ ئولتۇر-
سام يىگىتىم قىز دوستىنى سۆيدى. قەل-
بىمدە قانداقتۇر بىر خىل سېزىمنىڭ
پەيدا بولغىنىنى غۇۋا ھېس قىلدىم.
ئىككىلەنمەيلا مەنمۇ يالقۇننىڭ بوي-
نىغا گىرە سالدىم ...

تا شۇ كەمگىچە بىزنى «قىيامەتلىك
جان دوستلار» دەپ ئويلايدىغان ساۋاق-
داشلىرىمىنىڭ ئالدىدا بىز ھەقىقەتەنلا
ئوسال ئىش قىلىپ قويدۇق. ئۇلارنىڭ
نەزىرىدىن بىراقلا چۈشتۇق. ئەڭ مۇ-
ھىمى ئىككىمىزمۇ خىجىلچىلىقتا چىرايى-
مىزغا قارىشالمىدۇق. شۇ سەۋەبلەر بى-
لەن ئەڭ ئاخىرقى كۈنلەردە ئۇ ماڭا،
مەن ئۇنىڭغا قارىيالماي قايتىپ كەلدۇق.
ئۆيگە قايتىپ كېلىپمۇ خېلى كۈنلەر-
گىچە ئۆز - ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىپ
يۈردۈم. ئارىدىن قىرىق كۈنچە ئۆتتىمۇ
دەيمەن، ئولتۇرسام تېلېفون جىرىڭلى-
دى. خاراموش ھالدا تۇرۇپكىنى قولۇم-
غا ئالدىم. يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ
كەتكۈدەك بولدى. ئەسلى يالقۇن تېلې-
فون ئۇرغانىدى. ئۇ ھېچ ئىش بولمى-
غاندەك گەپ باشلىدى. مەنمۇ چاندۇر-
مىدىم. خۇددى بۇرۇنقىدەك ئۇ مېنى
«كۆكەمە»، مەن ئۇنى «قېرى» دەپ تىل-
لاپمۇ ئولگۇردۇق، يۈرىكىم ئورنىغا چۈش-
تى. كۆڭلۈم ئېچىلىپ ئۆزۈمنى شۇنداق
يەڭگىل ھېس قىلدىم. ئاخىرى ئولتۇ-
رۇپ تازا ئويلاندىم. نەتىجىدە ئۇنىڭ-
مۇ ماڭا ئوخشاش ئايرىلغاندىن كېيىن
يۈرەك ئىداسىنى چۈشىنىپ «تۆگە ئۈس-
تىدە ئولتۇرۇپ تۆگە ئىزلەش» تەك قى-
لىقلىرىمىزنىڭ سەۋەبىنى ھېس قىل-
غانلىقىنى چۈشەندىم، ئەمدى بىزنى
ھېچكىممۇ «تاشلاندۇق» دىيەلمەيتتى. ئۆز-
ئۆزۈمگە خىتاب قىلدىم. «يالقۇن ئىك-
كىمىز چوقۇم مۇھەببەتكە بىر ئۆمۈر
سادىق تەمەن بولىمىز».

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي مەن بىر نې-
مىلەرنى باھانە قىلىپ ۋىلايەتكە بار-
دىم. ئۇدۇل يالقۇننىڭ ئۆيىگە بېرىش-
قا جۈرئەت قىلالماي ئۇنىڭ يۇرتدىشى،
مېنىڭ ياتاقدىشىم گۈلشەننىڭ ئۆيىگە
باردىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ خۇشال بولدى-
يۇ، ئانچە ئېچىلىپمۇ كەتمىدى. كەل-
گىنىمگە پۇشايمان قىلدىم. شۇنداقتى-
مۇ يالقۇن بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكىدە
ئۇنىڭدىن يالقۇننىڭ ئۆيىنى سورىدىم.

— يالقۇن بىلەن كۆرۈشەمسەن؟

— ھەئە، كۆرۈشمىسەم قانداق بولى-
دۇ؟

گۈلشەن سوغۇققىنە كۈلۈپ قويدى.

— گۈلشەن، قانداقلا كېپىڭ بولسا
دەۋەرگىن.

— يالقۇن قايسى كۈنى ئۇچرىغانتى.
چىرايىڭىمۇ قارىمىدىم. ئۇمۇ ماڭا قا-

رىيالىماي «ئەمدى ساڭا ھەرگىز يۈزكېلەلمەيمەن» دېگىنىچە كەتتى.

— نېمە!

مەن قىزلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. پۈتۈن جىسمىم ئۇۋۇلۇپ كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلدىم.

«ئىسىت دۆتلۈكۈم، مەن نېمىشقا ھېلىغىچە ھېس قىلمىغاندىمەن؟ مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىۋالغان ئوخشىمامدىم؟ مەن ئەسلى ھەقىقىي بىر يۈرەككە ئېرىشتىم، دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق بۇ باشقىلارنىڭ سەدىقىسى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ خەيرىخاھلىقى ئىكەن ئەمەسمۇ؟» مەن يالقۇندىن چەكسىز نەپرەتلەندىم. ئۇنداق ئۇستا تىللىق قىلىپ يۈرگىچە، كۆڭلىدىكىنى ئېنىق ئېيتسا بولمامتى؟ ماڭا ئۇنداق خەقنىڭ سەدىقە كۆڭلى كېرەك ئەمەس، مەن قەلەندەر ئەمەس!!!

— چەكسىز خورلۇق تارتىپ تۇرساممۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتىم. «بولدىلا بارمايلا قوياي» دېدىم گۈلشەنگە چاندۇرماي.

كەچلىكى گۈلشەنىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم. ئەسلى بۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇم يوق ئىدى. بىراق ئۇقۇشماستىن ئېلىپ قويغان «سەدىقە» نى ئىگىسىگە قايتۇرۇۋېتىپ كەتمىسەم بولمايتتى.

— گۈلشەن، ساڭا راست گېپىمنى ئېيتسام مېنىڭ ھېلىقى كۈندىكى ئىشتا مەسئۇلىيىتىم بەك ئېغىر. ئەسلى يالقۇن بىلەن راستىنلا ئۇنداق خىيالىمىز يوق ئىدى. بىراق شۇ كۈنى ۋاپاسىز يىگىتىمنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن قەستەن شۇنداق قىلدىم. يالقۇندا قىلچە ئەيىب يوق.

— ھە، مەن مۇشۇنداق ئويلىغانىدىم، — گۈلشەن ماڭا باشقىچە يېقىنچىلىق قىلىپ كەتتى ...

ۋەزىپەم تۈگىدى. ئەتىسىگەندىلا گۈلشەنىنىڭ شۇنچە تۇتقىنىغا قارىماي بېكەتكە قاراپ يولغا چىقتىم. مەن ھەتتا ئۇنىڭ بېكەتكىچە ئۇزىتىپ چىقىشىغىمۇ قوشۇلمىدىم.

«كەلگۈچە نە ئارمان، نە ئىنتىلىش ئىچىدە كەلگەنىدىم — ھە؟! بىراق ئەمدى ...» روھىم يەكلا چۈشۈپ كەتتى. بۇ ماڭا ئىلگىرىكى ئوقۇشسىزلىقىمدىنمۇ ئۆتە ھار كەلدى، بېكەتكە كىردىمۇ بۇ ئىشلارنى خىيالىمدىن چىقىرىۋېتەلمەي يولۇچىلار زالىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتىم. ماشىنا تېخى قوزغالمايۋاتاتتى.

كۆزلىرىم ئىختىيارسىز بېكەت ئىشىكىدىن كىرىۋاتقان يالقۇن بىلەن ئۇنىڭ دوستى ئابلىمىتقا چۈشتى. مۆكۈۋېلىشقا ئامال يوق ئىدى. ئۇلار مېنى بىر دەمدىلا تېپىۋېلىشتى.

— مۇشۇنداق كۆرۈشمەيلا كەتمەكچىمىدىڭ «كۆكەمە»؟

مەن ئۇنىڭ گېپىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ ئابلىمىت بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتىم. ئەسلى ئابلىمىت باya يولدا مېنى كۆرۈپتۇ، بىراق مەن قارىماي كېتىپتىمەن. ئۇ مېنىڭ بېكەتكە بۇرۇلغىنىمنى كۆرۈپ يالقۇننى چاقىرىپ كەلگەنىكەن. مېنىڭ يالقۇننى كۆرەر كۆزۈم يوق ئىدى. شۇڭا ئەتەي ئابلىمىتتىن توختىماستىن سوئال سوراپ، چاقچاق قىلىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇدەك پۇرسەتمۇ بەرمىدىم. مېنىڭ ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزىنى ئاڭلىغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى ئىدى. مەن غۇرۇ-

رۇمىغا شۇنچىلىك دەرىجىدە تەگكەن
ئادەمنى قانداقمۇ كەچۈرەلەيمەن؟

ماشىنا قوزغالدى. مەن يولۇچىلار
زالىدىن يۈگرەپ چىقىپ ماشىنىغا چىق-
تىم. چايلىشالمىغان بولۇپ تاكى ما-
شىنا بېكەت دەرۋازىسىدىن چىقىپ بول-
غىچە پەسكە ئېڭىشىپ بېشىمنى كۆتۈر-
مىدىم.

كۆزۈمدىكى ياشلىرىمنى ئۇنىڭغا كۆر-
سىتىشنى خالىمىدىم. مەن ئەمدى ھەر-
گىز ئۇغۇل بالىنىڭ ئالدىدا ئاجىزلار-
چە ياش تۆكمەيمەن!

قايتىپ بىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي خىز-
مەتكە بۆلۈندۇم. چەت يېزىغا بۆلۈن-
گەن بولسامۇ ئانچە ئاغرىنمىدىم. خې-
لى بىر مەزگىللەرگىچە گاڭگىراپ قال-
دىم. ئۇنىڭغا ئاشۇ نەپرىتىمنى بىل-
دۈرەلمەي يۈردۈم. مەن بىللەن تەڭ خىز-
مەتكە بۆلۈنگەن قىزلارنىڭ ئالدى چاي
ئىچۈرۈلۈپ تويغا تەييارلىق قىلىۋا-
تاتتى. ئۇلاردا بىراقلا يۈز بەرگەن پە-
خىرلىنىش، مەغرۇرلۇق ھېسسىياتى ئال-
دىدا مەن ئۆزۈمنى بارغانچە تۆۋەن،
بىچارە ھېس قىلاتتىم. مەنمۇ كۆزۈمنى
يۇمۇپلا بىرەرسىگە «ماقۇل» دەي دېسەم
ئۇنىڭغا تېخى كۆڭلۈم قويمىدى. كى-
تابلاردىكى باش قەھرىمانلار بىرلا ئى-
رادىگە كەلسە قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ.
بىراق مەن نۇرغۇن داۋالغۇش، ئىككى-
لىنىشلەردىن كېيىن ئاخىرى بارلىق
زېھنىمنى ئۆگىنىشكە قارىتىپ، كەسىپ-
تىكى نەتىجەم ئارقىلىق «دۈشمەن» لى-
رىمگە كۆرسىتىپ قويۇشنى لايىق تاپ-
تىم. بىرلا شۆھرەت قازانسام ئۆچۈم چى-
قاتتى ئەلۋەتتە. كۆپ ئويلىنىپ ئىنگ-
لىز تىلىنى يېڭىباشتىن قولغا ئال-
دىم. مارىلىن بىللەن قايتىدىن ئالا-
قىلاشتىم. ئەھۋالىمنى بىر قۇر چۈشەن-
دۈردۈم. ئۇ كۆپ ئۆتمەي مېنى ئىزدەپ
كەلدى. دەرد - پىغانلىرىمنى تۆكۈپ،
ئۇنىڭدىن ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن ياردەم قىلىشنى يىغلاپ تۇ-
رۇپ ئۆتۈندۈم.

ئۇ قەلبىمنى ھەممىدىن بەك چۈشەن-
دى. ماڭا ۋەدە قىلدى. ماڭا چىن قەل-
بىدىن ياردەم قىلدى. ئۇ كېتىشى بى-
لەنلا كەينى - كەينىدىن ئۇ زاكاز قى-
لىپ ئەۋەتكەن كىتابلارنى، ئۇنىڭ ئالغۇ
لېنتىلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ تۇردۇم.
شۇ تەرىقىدە ئىككى يىل ئۆتتى. دېمەك-
كە ئاسان، ئەمەلىيەتتە مەن شۇ جەر-
ياندا ئاز جاپا تارتمىدىم. ئاز ھەس-
رەت چەكمىدىم. بەزى - بەزىدە «مەن-
مۇ نېمىشقا باشقا قىزلارغا ئوخشاش
ياشىمايمەن. نېمىشقا بېشىمنى ئاغرى-
تىپ يەنە ئۆگىنىپ يۈرىمەن» دەپ
ئويلايتتىم. بىراق يالقۇن كۆز ئالدىم-
غا كېلىشى بىلەنلا ئىرادەم يېڭىباشتىن
چىڭىيتتى. ئۆگىنىشىم خېلى بىر يەرگە
بېرىپ قالدى. مەندىمۇ ئۈمىد پەيدا
بولۇشقا باشلىدى. بۇلتۇر مارىلىننىڭ
ياردىمىدە ئىنگلىز تىلىدىن ئىمتىھان
بەردىم. قايتارشىمدا ئىختىيارسىز گۈل-
شەن بىللەن كۆرۈشۈپ مېڭىش ئىستىكى
قوزغالدى. ئۇنىڭدىن تولىمۇ غەلىتە بىر
خەۋەرنى ئاڭلىدىم.

يالقۇن توي قىپتۇ. ئاددىي بىر ئىش-
چى قىز بىللەن توي قىپتۇ. گۈلشەننىڭ
دېيىشىچە ئۇ قىز بەكلا كۆرۈمسىز ئى-
مىش.

خىيالىمدا «خوپ بوپتۇ. مانا مۇ-
شۇنداق تارتىپ قالىسىز» دەپ ئويلى-
دىم.

كۆپ ئۆتمەي مېنى يېزىدىن شەھەرگە-

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەلدى. مەن يەنىلا شۇنداق خارامۇش يۈرەتتىم. بىر كۈنى ژۇرنال كۆرۈپ ئولتۇرۇپ مۇندەرىجىدە تۇيۇقسىز تونۇش ئىسىم كۆزۈمگە چېلىقتى. «يالقۇن ياسىن». بۇ راست شۇ يالقۇنمىدۇ؟ دېگەن ئوي بىلەن قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدىم ...

مەن ھېكايىنى ئوقۇپ تۈگەتكىنىمدە كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولغانىدى. گەرچە ئۆزۈم ھازىرغىچە مەتبۇئاتتا ئەسەر ئېلان قىلالمىغان بولساممۇ بىراق مەن ئوقۇپ چۈشىنەلەيتتىم.

سەزگۈم بۇنى ئىسپاتلىدى. ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان قىزنىڭ يىگىتىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنلا ئۆزىنىڭ سادىق دوستىنى قولدۇرلاتقان، ئۇنىڭ ھېسسىياتى، كېيىنكى ئازابلىرى بىلەن كارى بولمىغان ھېلىقى قىز دەل مەن ئىدىم. تۇرۇپ ئىچىم سىيرىلسا، تۇرۇپ مۇڭلۇقلارغا غەزىپىم ئۆرلەيتتى...

«ئاياللار شۇنداق بىر گۈل، گۈل بولغاندىمۇ ئەپيۇنگۈل، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان كىشىنى ھامان بىر كۈنى زەھەرلىمەي قالمايدۇ. ھېچ بولمىغاندا ئەقلى-ھوشىنى بۇلغايدۇ».

مەن خىيالىمدا ئۇنىڭغا خىتاب قىلدىم:

— ساڭا ئېيتىپ قوياي، ئاياللار ھەرگىزمۇ زەھەرلىك ئەپيۇنگۈل ئەمەس. ئەپيۇنگۈل بولغاندىمۇ ئۇ ئەپيۇن ئەمەس. ئەپيۇنگۈل ئەسلى كۆكنار دەپ ئاتالغان، كېيىن ئۇ دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. بىراق كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭدىن زەھەرلىك ئەپيۇن ياسىغان، ھەمدە بىلىپ تۇرۇپ چەككەن. ياسىغان ۋە چەككۈچىلەر گۇناھسىز. بىچارە ئەپيۇنگۈل گۇناھكارما؟ ياق، مەن سېنىڭ مۇنداق دېيىشىڭگە ھەرگىز تاقەت قىلالمايمەن. ئاياللارنىڭ قوغلىشىدىغىنى پەقەت بىر ساپ يۈرەك. ئۇلار ئەرلەرگە ئوخشاش مال-دۇنيا ئۈچۈن ساپ ۋىجدانىنى خار قىلمايدۇ، ساپ مۇھەببەت ئۈچۈن نى-نى مال-دۇنيالاردىن ۋاز كەچكەن ئاياللار ساماندەكقۇ؟ بىراق سىلەرچۇ؟ ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرگەن نامرات، ئاددىي پۇقرالارنىڭ قىزلىرىنى تاشلاپ ۋاز كېچەلەيسىلەر. بىراق ئالدىڭلاردىكى مال-دۇنيادىن، ئەمەلدىن ۋاز كېچەلمەيسىلەر. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ ئاياللار ۋىجدان ئىلاھى، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئەپيۇن ئەمەس!

مۇشۇ خىياللارنى قىلغىنىمدا يەنە نېمىشقىدۇر يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. تا مۇشۇ كەمگىچە مەن نېمىشقا شۇنچە ئازابلاندىم؟ «مەن سەندىن ئاغرىنىپ يۈرسەم ئەكسىچە سەن مەندىن ئاغرىنىدىكەنسەن!»

قانداق قىلاي؟ مەن ھەممىنى چۈشەنگەندە تولىمۇ كېچىككەنىدىم. دەسلەپتە يالقۇنغا خەت يېزىپ ئەھۋالىمنى چۈشەندۈرۈپ قويغۇم كەلدى. بىراق يالقۇننىڭ ساپ مۇھەببىتى ئۈچۈن قۇربان بېرىۋاتقان ئايالىنى ئويلاپ نىيىتىمدىن ياندىم. ئۇ مەندىن نەپرەتلەنگەندىلا ئاندىن ئايالىنى ياخشى كۆرەلەيدۇ. بولدىلا، ئەلۋىدا يالقۇن! ساڭا بەخت تىلەيمەن.

شۇندىن ئېتىبارەن ھېچقانداق ئىشنى ئويلىمايدىغان بولدۇم.

مەن چوڭ بىر رومانىنى ئوقۇغاندەك بولۇپ كەتتىم. باھار گۈلگە ئاستا شىۋىرلىدىم.

— توغرا قىپسىز، يارايسىز، ۋەتەن-

نى، خەلقنى ئويلىغان سىزدەك قىز چوقۇم بەختلىك بولىدۇ.

— نەدىكىنى، كېيىمنىڭ ئورامىدىن ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟

— نېمىنى؟

— مەن ئەسلى شەخسىي شۆھرەت ئۈچۈن ئۆگەنگەن، بۇنى قانداقمۇ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن دېگىلى بولسۇن؟

— مۇشۇنى تونۇپ يەتكىنىڭىزمۇ ھېساب.

— توغرا، بۇنى تېخى يېقىندىلا تونۇپ يەتتىم. ئىمتىھاندىن ئۆتسەملا ھەممە ئىش يولىدا بولىشىۋېرىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن. بىراق ئىقتىسادنىڭ شۇ قەدەر مۇھىملىقىنى پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن. ئىقتىساد مەسىلىسى توغرۇلۇق تاس قالدىم ۋاز كەچكىلى.

— كېيىن قانداق قىلدىڭىز؟

— ماردىلىمۇ ياردەم قىلدى. رابىيە قادىر قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرمۇ سېخىيلىق قولىنى سۇندى. پەقەت شۇ چاغدىلا مەن ئۆزۈمنىڭ چەكسىز شەخسىيەتچىلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئۇلار شۇنچە جاپادا تاپقان پۇلىنى نېمىشقا مەندەك بىر تونۇمايدىغان قىزغا بېرىۋېتىدۇ؟ بۇ مەسىلە مېنى ئويغاتتى. ئۇلار مىللەتنىڭ ئۈمىدىنى بايان قىلدى. پەقەت شۇ چاغدىلا مەن ئۆز – ئۆزۈمنى تونۇدۇم. ئەمدى چاقىرىق كەلسە خەلقنىڭ ئۈمىدى ئۈچۈن ئاتلىنىماقچىمەن.

— بارىكاللا، قايسى كەسىپتە ئوقۇماقچىسىز؟

— يەنىلا ئەدەبىيات.

— ياۋروپا ئەدەبىياتىنى دەمسىز؟

— شۇنداق، ئاساسىي مەقسىتىم ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن ياۋروپادىكى ئاساسىي ئەدەبىيات ئېقىملىرىنىڭ ئوخشاشلىقى، پەرقى، ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىگىلىسەم دەيمەن. بىزنىڭ زور بىر تۈركۈم ئەدىبلىرىمىزنىڭ نى – نى نادىر ئەسەرلىرى، تېخى دۇنياغا ئاشكارا بولمىغان نۇرغۇن مەدەنىي مىراسلىرىمىز بار. ئەگەر مۇشۇلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەرجىمە قىلىپ دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىگە يۈزلەندۈرسەك ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چوقۇم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغانلار چىقىدۇ.

مەن ئۇنى يەنە ماختاۋېرىشتىن يالتايدىم. پەقەت ئىچىمدە «ئاللا مۇرادىڭىزغا يەتكۈزگەي» دېدىم. بىر ھازادىن كېيىن ئۇنىڭغا شۇۋىرلىدىم:

— ئۇخلىمىدىڭىزما؟

— ياق.

— سىزدىن ئايرىلىشقا پەقەت چىدىمايۋاتىمەن. ھېچ بولمىسا سىز ئوقۇشقا ماڭغىچە بولسىمۇ بىللە بولغان بولساق-ھە!؟ يەنە قاچان كۆرۈشكىلى بولاركىن-تاڭ؟

— مەنمۇ سىزگە كۆنۈپ قاپتىكەنمەن. سىزنى دەپ تويۇمنى سىلەر كەتكۈچە قىلىشۋېتەيلىمىكىن دەيمەن.

— نېمە؟ توي قىلامسىز؟ كىم بىلەن؟

— تونۇيسىز، قايسى چاغدا سىلەر كۆرۈشكەن بىلال بىلەن.

— بىلال بىلەن؟

— ھەئە، ئۇمۇ ئىرىشچان، ۋەتەن، مىللەتنى ئويلىيالايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە نەچچە يىلدىن بېرى ئاتا – ئانىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

uyghurkitap.com



— تويى قىلىپ بولۇپ چەتئەلگە چىقىپ كەتسىڭىز تازا ياخشى بولماسمىكىن!

— بىلال ئۆزى قوشۇلغان. ئۇ مېنىڭ ئوقۇشۇمنى بەكلا قوللايدۇ. تويى قىلسام چەتئەلگە چىققىلى بولمايدۇ ئەمەسمۇ؟

«ئۇنداقتا سىز بىلالنى ياخشى كۆرەمسىز؟» دېگەن بۇ سوئالنى يوغان چېكىت قويۇپ سوراشنى توختاتتىم.

ئۇ يەر-بۇ يەردىن خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. تاڭ ئاتاي دېگىنىنى سەزمەيلا قاپتۇق. سەھەردە ئازراقلا ئۇخلىۋالدۇق...

پراكتىكىمۇ ئاياغلاشتى. ئوچۇق مىجەزلىك شوخ خىزمەتداشلاردىن، ئوماق «تۇنجى قارار» ئوقۇغۇچىلىرىمىزدىن ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا قايتتۇق. دەل شۇ كۈنلەردە باھارگۈلگىمۇ ئەنگلىيە ئوكسفورد داشۆسىنىڭ ئوقۇتۇرۇش قەغىزى يېتىپ كەلدى.

3

قىش ئۆتۈپ باھار كەلدى. مەكتەپ بېغىدا ئېچىلغان چېچەكلەرگە قاراپ ئاپئاق تويى كۆڭلىكى كىيىپ ئولتۇرغان باھارگۈلنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىمىزنى ئويلاپ تۇرسام پوچتالىيون مېنى چاقىردى.

— سىزگە چەتئەلدىن خەت كەپتۇ. ئىمزا قويۇڭ.

— ھەقىچان، باھارگۈلدىن كەلدى بولغاي، — مەن ئالدىراش ئىمزا قويۇپ خەتنى ئېچىشقا تۇتۇندۇم.

ئېسىل ئاق قەغەزنىڭ قۇرلىرىغا باھارگۈلنىڭ تونۇش پوچۇركىسى چۈشكەنىدى.

«قەدىرلىك ئەزىزە:

ياخشىمۇ سىز؟ ئوقۇشىڭىز قانداقراق؟ مەندىن ئەھۋال سورىسىڭىز ۋەتەننى سېغىنغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ناھايىتى ياخشى.

ئەزىزە، مەن ھازىر ئەنگلىيىدە، يەنە كېلىپ دۇنيادىكى داڭلىق ئوكسفورد داشۆسىدە تۇرىۋاتىمەن. خۇددى چۈشۈمدىكىدەكلا. بىراق سەزگۈم بۇنىڭ چۈش ئەمەس، رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرماقتا. زېمىمدىكى يۈكنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە!

راستىنى دېسەم، ئەنگلىيە دېگەن كىنولاردا كۆرگەندەك شۇنداق چۇۋالچاق، ھاياسىز، بۇلغانغان شەھەر، ئادەملىرىمۇ شۇنداق دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق ئويلىغانلىرىم تامامەن ئورۇنسىز بولۇپ چىقتى. خەقنىڭ يۇرتىنى ماختىغىنىم ئەمەس. ئەختەم ئۆمەر تاغىمىزنىڭ يازغىنى ① تېخى بىر قىسمى ئىكەن. ھەقىقەتەنمۇ بىز ئۆز-ئۆزىمىزنى تونۇشىمىز زۆرۈر بولۇپ قاپتۇ. راست ئەمەسمۇ؟ ئىللەت تۈزەلمىگۈچە مىللەت تۈزەلمەيدۇ. شۇڭا مەنمۇ بۇ جەھەتتە ئازراق ئويلىنىپ قالدىم.

تازىلىقنىڭ گېپىنى بولدى دېمەيلا قوياي، بۇ يەردە بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكىدەك بىليارت تاختىسىنى چۆرىدەپ «شىددەتلىك» ئېلىشىۋاتقان «چە-

(ئاخىرى 30 - بەتتە)

① يىراق قىرلاردىن ئاتا يۇرتقا سالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# ئانغۇن

— ھېكايە





ئاتادىن ئەتىۋا كىم بار،
ئانادىن ئەتىۋا كىم بار.
ئۇلارنى خارلىغانلارنىڭ،
بېشىدا بىر قارا كۈن بار.

— ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن

يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەر تۇرۇق ئايغىرنىڭ ئالىلىقانداق بىر نەرسىنى سۆرەپ، توپا - چاڭ توزىتىپ، قەھرى بىلەن چېپىپ كەنتنىڭ ئات ئېغىلىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈشتى. كىمدۇ بىرى: «ئاتنىڭ سۆرەپ ماڭغىنى ئادەمنىڭ پۇتىكەن...» دېدى. يەنە: «ئادەم تېنىنىڭ يېرىم ياتىسىكەن...» دېيىشكەنلەرمۇ بولدى. دېمىسىمۇ ئات چېپىپ ئۆتكەن يولدا قان ئىزلىرى قالغانىدى. دەھشەتلىك بىر ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەن كىشىلەر ھايت - ھۇيت دېگۈچە كەنت ئات ئېغىلىنىڭ ئالدىغا توپلىنىشتى...

بۇ ئىيۇل ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولۇپ، تومۇز ئىسسىق باشلانغان مەزگىل ئىدى. كىشىلەر چېكىسىدىن توختىماي شورقىراپ تەر ئېقىۋاتقانلىقىغا قارىماي، نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىگە قىزىقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. قارا بۇلۇتلار خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان دېۋىلەردەك كۆكنى قاپلىدى. گۈلدۈرماما ئاۋازى قارا قۇرۇم چوققىلىرىدىن ئەكس سادا قايتۇرۇپ، جاھاننى لەرزىگە سالدى. يامغۇر چېلەكلەپ تۆككەندەك شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. لاپاس ئاستىغا تىقىلىشقان كىشىلەر يامغۇرغا قارىماي يەنىلا جىمجىت تۇرۇشاتتى. شۇ ئەسنادا ئېغىلدىن ئىككىيلەن ئادەمنىڭ يان پېشىدىن ئاجراپ ئۈزۈلۈپ كەتكەن بىر پۇتى بېسىلغان زەمبىلنى كۆتۈرۈشكەن ھالدا چىقىشتى. پۇتنىڭ بولجۇڭ گۆشلىرى تىتىلغان، لاي-

تۇپراققا مىلىنىپ كەتكەنىدى. لاي ئۇستىدىن يەنىلا قىپقىزىل قان تەپچىپ تۇراتتى. بۇ هالدىن كىشىلەر هاڭ-تاڭ قېلىشقانىدى، ئۇزاق ئۆتمەي بىر نەچچە ئادەم يېرىم-ياتا جەسەت بېسىلغان ئېشەك هارۋىسىنى هەيدەپ لاپاسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. پاجىئەنىڭ ئېكرانى مانا ئەمدى ئېچىلدى. جەسەتنىڭ چىرايى لاي-تۇپراققا مىلەنگەن بولسىمۇ، بۇزۇلمىغانىدى. تونۇۋېلىشقا بولاتتى. هارۋىغا يېقىن تۇرغانلار كەينىگە داجىشتى. باللارنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، چوڭلار ياقىلىرىنى چىشلەشتى، ئاياللار چۇرقىرىشىپ هازا ئاچتى...

ئوتتۇرا ياش، كەكە ساقال، ياداڭغۇ كەلگەن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى سادىر ئاخۇن:

— ئەهلى جامائەت، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئەتىگەن ئۇ «دادامنى تېۋىپقا كۆرسەتكىلى ئاپىرىمەن» دەپ، مىنىڭدىن ئات سورىغانىدى. كىنىم بىلسۇن، توسۇن ئات ئۇنى «ياماناقۇم» دىن سۆرىگەنچە، پارە-پارە قىلىۋېتىپتۇ...، -دېدى.

سېكرېتارىنىڭ سۆزى كۆپچىلىككە خۇددى ئۇ نېمىگىدۇ غۇدۇراۋاتقاندەك ئاڭلاندى. كىشىلەر ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنىمۇ تازا ئاڭقىرالمىدى. سېكرېتارىنىڭ چىرايىمۇ تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئېچىنىۋاتقانلىقىنى ياكى نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئىككى ئادەم زەمبىلدىكى پۈتنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ، هارۋىدىكى جەسەتنىڭ يېنىغا قويدى، نېمىدۇر بىر نەرسە بىلەن ئۇستىنى يېپىپ، هارۋى-نى مەھەللە ئىچىگە قاراپ هەيدىدى. كىشىلەر هارۋىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

× ×

ناهىيە بازىرىدىكى يېڭى سېلىنغان هەشەمەتلىك سودا سارىيىغا يىگىرمە-يىگىرمە ئىككى ياشلاردىكى كېلىشكەن، ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت كىرىپ كەلدى-دە، ئۇدۇل تاماكا ساتىدىغان پوكەيگە بېرىپ، تاماكىلارنىڭ ماركىلىرىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ پىرىكازچىك قىزغا:

— ئاۋۇ تاماكىدىن ئېلىۋەتكەن بولسىڭىز...، - دېدى.

— قايسىنى دېدىڭىز؟

— «قار لەيلىسى» ماركىلىقنى...

— قانچە قاپ؟

— بىر قاپ.

قىز تاماكىنى ئېلىپ پوكەينىڭ ئۈستىگە قويدى. يىگىت ئۇنىڭغا ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى ئۇزاتتى. قىز پۇل قايتۇرماقچى بولۇپ، پۇل سېلىنىدىغان تارتمىنى ئاچتىيۇ، بىر هازا تۇرۇپ قالدى. ئاخىرى بىر سولياۋ خالتىنى يىگىتنىڭ ئالدىغا قويدى. سولياۋ خالتا ئىچىدە ساپلا بىر سىنتىلىق، ئىككى سىنتىلىق، بەش سىنتىلىق پۇللار بار ئىدى. «سەككىز يۈەن ئۈچۈن ياندۇرغان پۇلى مۇشۇمىدۇ؟ سەككىز يۈەن چىقارمۇ؟ ... مەن بۇنى بىر سائەتتىمۇ ساناپ بولالمىغۇدەكمەن ...». يىگىت شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى-دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزغا قارىدى. قىز شوخلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، پاكىز، يېقىملىق ئىدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرىدە «چىدىسىڭىز ساناپ ئېلىڭ، سانىماي ئالسىڭىز-

مۇ ئىختىيارىڭىز ...» دېگەن مەنا چىقىپ تۇراتتى. قىز ھېچنېمە دېمىدى. يىگىتمۇ ئۈندىمىدى. ئۇ قىزغا بىر ھازا تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆزىنى سولياۋ خالتىغا يۆتكىدى. خالتىنىڭ ئاغزىنى ئالدىرىماي چەگدى. ئاندىن كېيىن خالتىنى ئالقىنىغا قويۇپ، خۇددى پومزەك ئوينىغاندەك ئۇنى ئالقانلىرىدا ئېتىپ - لىكىلدىتىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ دۇكاننىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلغاندا، قىز تېخىچە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى ...

ئاشۇ كۈندىن كېيىنكى بىر ھەپتە ئىچىدە يىگىت دۇكانغا ھەر كۈنى كېلىپ تۇردى. ئۇ ھەر كۈنى پەقەت بىر ۋاقىتتىلا كېلەتتى. ھەر قېتىم كەلگەندە پەقەت بىر قاپلا تاماكا ئالاتتى.

— ئاۋۇ تاماكىدىن ئېلىۋەتكەن بولسىڭىز ...

— قايسىنى دېدىڭىز ؟



— «قار لەيلىسى» ماركىلىقنى.

— قانچە قاپ ؟

— بىر قاپ.

دەسلەپكى ئىككى كۈندە يىگىت بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدا ئاشۇ دىئالوگ تەكرارلىنىپ تۇردى. يىگىت تاماكىنى ئالدى - دە، يانچۇقىدىن پۇرلاشقان، يىرتىلغان بىر سىقىم سىنتىلىق پۇلنى ئېلىپ پوكەي ئۈستىگە قويدى. قىزنىڭ چىرايىغا قارىماستىنلا كۈلۈمسىرىگەن پېتى چىقىپ كەتتى. ئەمدى كۈلۈمسىرەش نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەنىدى. ئۇ قىزنىڭ پۇلنى سانىغان - سانىمىغانلىقىغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۈچىنچى كۈنى يىگىت پوكەيگە يېقىنلاشقاندا، قىز گەپ قىلماستىن بىر قاپ «قار لەيلىسى» نى پوكەي ئۈستىگە قويۇپ قويدى. يىگىت شىمىنىڭ يانچۇقىدىن پۇرلاشقان، يىرتىلغان سىنتىلىق پۇلدىن يەنە بىر سىقىم ئالدى... بۇ ھالەت تۆتىنچى كۈنى ئۆز ئەينى تەكرارلاندى. قىزنىڭ ھېسابىچە ھېلىقى سىنتىلىق پۇللار ئەمدى تۈگىشى كېرەك ئىدى. ۋەھالەنكى بەشىنچى، ئالتىنچى كۈنلىرىمۇ يىگىتنىڭ يانچۇقىدىن ئاشۇ پۇرلاشقان، يىرتىلغان، رەتسىز سىنتىلىق پۇللار چىقىۋەردى. قىز ئاخىرى چىدىمىدى.

— ئەمدى بۇلارنى نەدىن تاپتىڭىز ؟

— سىز ئۈچۈن تېگىشىپ كەلدىم.

— مەن ئۈچۈن ؟ ...

— سىز سىنتىلىق پۇللارنى بەك ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلىدىڭىز.

— شۇنداقمۇ ؟

ھەر ئىككىسى تاتلىق كۈلۈمسىرەشتى، كۈلكىلەر قوشۇلدى. يىگىتنىڭ كۆز نۇرلىرى قىزنىڭ كۆزلىرىگە، قىزنىڭ كۆز نۇرلىرى يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ئاشۇ كۈلۈمسىرەشلەرگە ئوتلۇق ھارارەت قوشۇلغانىدى. كۆڭۈللەرنىڭ چوڭقۇر قېتىغا ئوت چۈشتى، يۈرەكلەرگە ئوت تۇتاشتى.

ئاشۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە، شەھەرنىڭ خىلۋەتلىرىدىكى مەجنۇنتاللار، تاش ئورۇندۇقلار، سۇ بويلىرى، كىنو - تىياتىرخانىلار تاشيول ئىشچىسى قاۋۇل بىلەن پىرىكازچىك قىز ئايپاشانىڭ كۈلكىلىرىنى،

سىپەرلىك پەچەرلاشلىرىنى تالاي قېتىم ئاڭلىدى. ھەممىدىن كۆپ ئاڭلىغىنى يەنىلا خىلمۇ خىل ماركىلىق تاماكىلار تىزىپ قويۇلغان ئەينەك پوكەي بولدى. ئەينەك پوكەي كۈن ئاتلىماي ئىككىسىنىڭ ئۇچرىشىش ۋەدىلىرىنى ۋە ئاخشامقى ئىش توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى، لېكىن تاماكىلارنىلا ئەمەس، سىر ساقلاشنىمۇ بىلمەيدىغان پوكەي ئۇلارنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا ھېچكىمگە تىنمىدى.

× ×

قاۋۇل — شەھەرگە يەتتە - سەككىز چاقىرىملا كېلىدىغان «تامچىگدە» كەنتىدىكى قۇربان ئاخۇننىڭ تىككەندەك يالغۇز ئوغلى ئىدى. ئانا نارەسىدىسىنى ئىككى يېشىدىلا تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئەنە شۇ ماتەم كۈنلىرىدىن باشلاپ ئاتىسىنىڭ جۇۋدىلىق قوينىغا شۇڭغۇپ كىرگەن قاۋۇل تاكى ئون يېشىغىچە ئاتىسىنىڭ ئىسسىق قوينىدىن، ئىللىق دولىسىدىن چۈشمىدى. ئاتا «ئۆگەينىڭ دەردىنى تارتىپ قالمىسۇن» دېگەن ئوي بىلەن قايتا ئۆيلەنمىدى. ئۇ بارلىق مېھرىنى ئاشۇ يالغۇز ئوغلىغا بېغىشلىغانىدى. مېھرلىك ئاتا بەئەينى چۈجىسىگە قانات يايغان مېكىيانغا، پوكىنىدىن مىڭبىر چاپادان يانىدۇرۇپ باچكىسىنى بېقىۋاتقان دەمدەرگە ئوخشايتتى. ئۇ ئوغلىغا نانىنى چاينىپ يېگۈزەتتى. ئاشنى پۈۋلەپ ئىچۈرەتتى. ئېتىزدا، يولدا، ھويلىدا مەيلى ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتقان بولمىسۇن ئوغلى ئۇنىڭ دولىسىدا بولاتتى. ئاتىسىنىڭ قەلبىدە ئەنسىزلىكلەر ھۆكۈم سۈرەتتى. قاناتلىق قاقارمىكىن، تۇمشۇقلۇق چوقارمىكىن دەپ ئەنسىرەپلا يۈرەتتى.

مەكتەپكە كىرگەندىمۇ ئاتا ئەتىگەندە ئۇنى ھاپاشلاپ، مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىغىچە ئاپىرىپ قوياتتى. چۈشتە مەكتەپتىن قايتقاندا دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ، دولىسىغا ئالاتتى - دە، مەكتەپتىن قايتۇرۇپ كېلەتتى. يول بويى مۇئەللىمىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۇرغان - ئۇرمىغانلىقىنى سوراپ ماڭاتتى. ئوغلى «مەكتەپكە ئۆزۈم باراي»، «يولدا ئۆزۈم ماڭاي» دېسە ئاتا ئۇنىمايتتى. «سەن تېخى كىچىك، چوڭ بولغىنىڭدا شۇنداق قىل ...» دەيتتى. ئوغۇل ئاتىسىنىڭ دولىسىدا ئولتۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر دەپ قارىلغاچتەك ۋىچىرلايتتى. ئاتىسىنىڭ ساقىلىغا ئاق سانجىشقا باشلىغان چېچىنى، ساقاللىرىنى ئويناپ ئولتۇراتتى. ئوغۇل ئون ياشقا كىرگەندە، قەتئىي تۇردە ئاتىسىدىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە مەكتەپكە ماڭىدىغان چېغىدا، ئاتا ئۇنى يەنە ھاپاش ئەتمەكچى بولغانىدى، ئوغۇل ساۋاقداشلىرىنىڭ زاڭلىق قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەمدى ئۇنىڭ دولىسىغا چىقمايدىغانلىقىنى، مەكتەپكە بېرىپ-كېلىشتە ئۆزى مېڭىشنى تەلەپ قىلدى. ئاتىنىڭ كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. ئوغلىنى ئۆزىدىن يىراقلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلدى، نېمىدىندۇر ئازار يېگەندەك مەيۈسلەندى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئوغلىغا ھەمراھ بولۇپ مەكتەپكىچە باردى. چۈشتە يەنە دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇردى. ئەنە شۇ ئادىتىنى خېلى يىللارغىچە داۋاملاشتۇردى...

ئوغۇل چوڭ بولدى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە سەگۇ تېرەكتەك ئېگىز بولۇپ ئۆستى. ئۇ ئاتىسىنىڭ يېمەي-يېگۈزۈپ، ئىچمەي-ئىچۈرۈپ باققانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئوغۇل ۋاسكېتبولنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. بىكار بولسىلا ۋاسكېتبول ئوينايتتى، قوشنىلىرىنىڭ تېلېۋىزورلىرىدىن كۆرگەن ئامېرىكا ۋاسكېتبول چولپىنى مىخائىل جوردانغا چوقۇناتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىزىقىشى ئۇنى مەكتەپنىڭ، يېزىنىڭ ۋاسكېتبول ماھىرىغا ئايلاندۇردى. ئۇ يېزىنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسىغا قاتنىشىپ ناھىيەدە ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇسابىقىغىمۇ قاتناشتى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ئۇ تۇنجى قېتىم ئاتىسىنىڭ، ئائىلىسىنىڭ ناھايىتى نامراتلىقىنى ھېس قىلدى. كۆڭلى يېرىم بولدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش ئىمكانىيىتى يوقلۇقىدىن ئۆكۈندى. بىر ئۆمۈر يېزىدا، توپا - تۇمان ئارىسىدا جاپا چېكىش پېشانەمگە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدى. دېگەندەك تۆت-بەش يىل توپا - تۇمان ئارىسىدىمۇ يۈردى. دېھقانچىلىق ئەمگىكىنىڭ پۇت - قوللارنى زىڭىلدىتىۋېتىدىغان ھارغىنلىقلىرىنى يەتكىچە تېتىدى، ئاتا ئۇنى ئاشۇ ئىشلارغا سېلىشنى زادىلا خالىمايتتى. ۋەھالەنكى قېرىغانسېرى بەل - پۇتلىرى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى. يىل بويى تۈگىمەيدىغان سىرتقى ئەمگەك-ھاشارغا بېرىش ئىمكانىيىتى قالمىغانىدى. كەنت باشلىقى ۋە سېكرېتارىمۇ «ئوغلۇڭ بارغۇ، شۇ بارسۇن، ياكى ئۇنى ئاقنانچى قىلماقچىمىدىڭ؟» دەپ ھۆركىرەيتتى. ئاخىرى ئوغلىنى ئەۋەتمەي ئامال بولمىدى. ئوغۇل يىل بويى سىرتقى ئەمگەكتىن كېلەلمەيدىغان بولدى. ئۇ ياش - يۈپۈرماق ئاغىنىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ خۇشاللىق بىلەن باراتتى. ياشلىق كۈچى ئۇنىڭغا جەبىر - جاپانى ھېس قىلدۇرمايتتى. لېكىن ئاتىنىڭ قەلبى سۇ - زەرداب بولاتتى، ئەنسىزلىك - ئاچ قالدىمىكىن، توڭلىدىمىكىن، ئىسسىق ئۆتۈپ كەتتىمىكىن، شامال، يامغۇردا قالدىمىكىن دېگەنلەر ئۇنىڭ ئېسىدىن بىر مىنۇت كۆتۈرۈلمەيتتى. ئوغلۇمنى جاپاغا قويدۇم دەپ ئۆزىدىن كايىيتتى. ئاتىنىڭ ئاشۇنداق كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگىنىنىڭ ئەكسىچە شۇ كۈنلەردە ئوغۇلنىڭ ئاتىغا بولغان مېھرى بارغانچە سۇۋۇپ كېتىۋاتقاندەك سېزىلەتتى. ئۇ ئاتىسى بىلەن كەمدىن كەم سىردىشاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۈزۈكرەك پاراڭ قىلمايتتى. كېچىلىرى ئۆيدە بەك ئولتۇرۇپ قالمايتتى. بەزىدە ئاتىسى سورىغان سوئاللارغا جاۋابمۇ بەرمەيتتى. يەنە تېخى ئاتىنىڭ نازۇك كۆڭلىنى ئاۋايلىماي سىلكىۋېتىدىغان چاغلىرىمۇ بولۇپ قالاتتى. ئاتا ئوغلىنىڭ قەلبىنى چۈشىنەتتى. جاپا-مۇشەققەتنىڭ، كەمبەغەل - نامراتلىقنىڭ ئوغلىنىڭ قەلبىنى زېدە قىلىۋېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئوغلىنىڭ دېھقانچىلىقنىڭ تۈگىمەس جاپالىرىدىن بىزىشكە باشلىغانلىقىنى، ئىلاجى بولسا ئۇچۇپ كېتىشكە تەييار تۇرغانلىقىنى سېزەتتى...

— ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئوغۇلنىڭ تەقدىرىدە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولدى. ناھىيەدە يەنە ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ قالدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۇنى سىرتقى ئەمگەكتىن قايتۇرۇپ كېلىپ ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن كوماندىغا قوشۇپ مۇسابىقىغا ئەۋەتتى. ئەنە شۇ يەردە ۋاسكېتبول مەيدانىدا ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com



بېشىغا ئامەت قۇشى قوندى. تاشيول
ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ
ئاجىز كوماندىسىنى كۈچەيتىش مەقسى-
تىدە مۇسابىقە تۈگىگەن كۈندە ئۇنى
ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىشنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ، ئۇنىڭ قوشۇلۇشىنى ئۈمىد قىلى-
دى. يىل بويى ئىشلەپ تۈزۈكرەك كى-
رىمگە ئېرىشەلمەيدىغان دېھقانچىلىق
ئەمگىكىدىن زېرىكىپ تۇرغان قاۋۇل بى-
رەر-ئىككى يۈز يۈەن مائاش ئالىدى-
غان خىزمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ناھايى-
تى خۇش بولۇپ، ئاتىسىدىن مەسلىھەت
ئالمايلا جان دەپ قوشۇلدى. ئاتىسى-
نىڭمۇ ئەلۋەتتە قوشۇلىدىغانلىقىنى بى-
لەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ شەرەپلىك
تاشيول ئىشچىسى بولۇپ قالدى.

قاۋۇل ئىشقا ئورۇنلىشىپ تېخى بىر
ئاي بولمىغانىدى. بىر كۈنى مەھەللى-
سىدىن بىر كىشى ئۇنىڭ يېنىغا دادىسى
ئاغرىپ قالغانلىق توغرىسىدا خەۋەر ئې-
لىپ كەلدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان-
دىن كېيىن، رۇخسەت سوراپ دەرھال ئۆ-
يىگە باردى. قاۋۇلنى كۆرۈپ دادىسى-
نىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش تۆ-
كۈلدى. دادىسى پالەچ بولۇپ قالغان
بولۇپ، سول قولى ۋە سول پۇتى ھەرى-
كەتلەنمەيتتى. تىلىمۇ تازا راۋان ئە-
مەس ئىدى. ئاتا ـ بالا ئىككىسى بىر-
دەم يىغلاشتى. قوشنىلارنىڭ ئېيتىشلى-
رىچە يېزا دوختۇرلىرىنى چاقىرتقانى-
كەن. ئۇلار كۈندە دېگۈدەك كېلىپ ئوكۇل
ئۇرۇپ داۋالاپتۇ. ھازىر خېلى ياخشى-
لىنىپ قاپتىمىش. ئۇنىڭغا خەۋەر قى-
لايلى دېسە دادىسى «بالام ئەنسىرەپ
قالىدۇ» دەپ ئۇنىماپتۇ. قوشنىلار ئۇ-
نىڭغا بىلدۈرمەي خەۋەر قىلغانىكەن،
بۇ ئىش قاۋۇلغا خۇددى تاغ ئۆرۈلگەن-

دەك تۇيۇلدى. ئۆزىنىڭ ئىشقا ئورۇن-
لاشقان دەسلەپكى كۈنلەردە ياخشىراق
ئىشلەي، ئىشقا كېچىكىپ يۈرمەي دەپ
ئىدارىسىنىڭ ياتىقىغا كۆچۈپ كەتكى-
نىگە، ئىككى ھەپتىگىچە ئۆيگە قايتمى-
غىنىغا، ئاتىسىنىڭ ئېغىر كۈنلىرىدە
ھەمراھ بولالمىغىنىغا ئۆكۈندى... ئەنە
شۇندىن كېيىن قاۋۇلنىڭ يۈرۈش-تۇرۇ-
شىدا بىراقلا بۇرۇلۇش بولدى. ئىدا-
رىنىڭ ياتىقىدىن يەنە ئۆيگە كۆچۈپ
كەلدى. ئۇ سەھەر تۇرۇپ ئاتىسىغا تا-
ماق يېگۈزەتتى، دورىلىرىنى ئىچۈرەت-
تى، چۈشلۈك تامىقىنى تەييارلاپ ياس-
تۇقىنىڭ يېنىغا قويۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ-
دىن كېيىن ۋېلىسىپىت بىلەن ئىشقا چا-
پاتتى. كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ھېچقا-
ياققا باقماي ئۆيگە قايتاتتى. يەنە ئا-
تىسى ئەتراپىدا پەرۋانە بولاتتى؛ ئو-
رۇن - كۆرپىسىنى قۇرۇقداپتتى. لۆڭ-
گىنى ھۆل قىلىپ يۈز - كۆزلىرىنى، بە-
دەنلىرىنى سۈرتۈپ قوياتتى. ئۇخلاش
ئالدىدا دوختۇرنىڭ تاپشۇرۇقى بويى-
چە ئاتىسىنىڭ پالەچلەنگەن سول تە-
رىپىنى ئۇزۇنغىچە ئۇۋۇلايتتى. دوختۇر
مۇشۇنداق قىلغاندا پالەچلەنگەن نېرۋى-
لار تېزراق ئەسلىگە كېلىشى مۇمكىن
دېگەنىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ كېسىلىنى دا-
ۋالىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئاماللارنى قىلى-
دى. نۇرغۇن چىقىم قىلدى. ئاتىسى،
باققان قوي ـ كالىلارنىمۇ، ئۆيدە پۇل-
غا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىمۇ قويماي
ساتتى. ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىنى بولسا،
بىر تىيىن خەجلىمەي ئاتىسىنى داۋا-
لىتىشقا ئىشلەتتى. مەللىي تېۋىپلارنىڭ
شەربەت، مەجۇن، تەررا قىلىرىدىن ئىچ-
كۈزمىگىنى، يېگۈزمىگىنى قالمىدى. غەرب-
چە ئوكۇل-دورىلاردىنمۇ سالغۇزمىغىنى،

يېڭگۈزمىگەنلىكى قالمىدى. دوختۇر بولسا
ئاستا - ئاستا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ،
دەيتتى... شۇ كۈنلەردە قاۋۇل دۇنيادا
ئەڭ يېقىن ئادىمى پەقەت ئاتىسى ئىـ
كەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى.
ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلىش
جەريانىدىكى ئەجرىنى كۆز ئالدىغا كەلـ
تۈردى. ئاتىسى رازى بولغۇدەك دەرىـ
جىدە ياخشى بېقىشنى نىيەت قىلدى.
ئاتىمۇ شۇ كۈنلەردە ئوغلىنىڭ ئۆزىنى
ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چۈـ
شىنىپ يەتتى. خېلىدىن بېرى ئوغلىـ
نىڭ چوڭ بولغانسېرى ئۆزىدىن يىراقـ
لىشىۋاتقانلىقىنى، ئۆزى بىلەن مۇڭـ
دىشىش، پاراڭلىشىشنى خالىمايدىغان
بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئاتىسىـ
نىڭ قەلبىدە بىر تۈگۈچ شەكىللەنگەـ
نىدى. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە
ئوغلىغا بولغان ئازراق ئاغرىنىشمۇ
يوشۇرۇنغانىدى. مانا ئەمدى تۈگۈچ
يېشىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ قېتىغا يامانـ
لىق ئەمەس، ياخشىلىق ئورالغانلىقى
مەلۇم بولدى. ئوغلىنىڭ ھەممە ھەرىـ
كەتلىرى ئۇنىڭ ئۆزىنى چىندىنمۇ ئەـ
زىز كۆرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ تۇراتـ
تى. ئاتا ئوغلىدىن رازى بولدى، چىن
قەلبىدىن رازى بولدى... ۋەھالەنكى ئاـ
تىنىڭ كېسىلىدە ياخشىلىنىش بولمىـ
دى. كېسەل ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى.

× ×

قۇربان ئاتا قاۋۇلنى ئىسسىق قويـ
نىدا ۋە ئىللىق دولىسىدا ئون يىل
ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق ۋاقىت كۆـ
تۈرۈپ يۈرۈشكە چىدىغانىدى. ئوغۇل
بولسا ئون ئاي بولماستا ئاتىسىنى
بېقىشتىن زېرىكىشكە باشلىدى. ئۇ چىـ
دىغانمۇ بولاتتى. لېكىن ھەممىنى ھېـ

لىقى «قاتار لەيلىسى» ماركىلىق تاماكا،
بىر خالتا سىنتىلىق پارچە پۇل بۇزدى،
ئاشۇ چىرايلىق قىز ئاپپاشانىڭ شوخ
كۆزلىرى، تاتلىق سۆزلىرى بۇزدى. مۇـ
ھەببەت تورىغا ئىلىنىپ قالغان قاـ
ۋۇلنىڭ قەلبىدە ھەممە نەرسە قالايمىـ
قانلىشىپ كەتتى. ھەممە نەرسىنىڭ
قىممىتى ئۆزگەردى. ئۇنىڭ قەلبىلا ئەـ
مەس ھەرىكەت تەرتىپى، يۈرۈش - تۇـ
رۇشلىرىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى.
ئۇنىڭ پۇتلىرى ئەمدى ئىشتىن چۈشۈپلا
ئۆيگە، كېسەل ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئەـ
مەس، بەلكى قىز بىلەن ۋەدىلەشكەن
خىلۋەتتىكى تال سۆگەتنىڭ ئاستىغا
چاپىدىغان بولدى. ئاتىسىنىڭ پالەچـ
لەنگەن بەدەنلىرىنى ئۇۋۇلايدىغان قولـ
لىرى قىزنىڭ يۇمشاق، بېجىرىم كۆكـ
سىنى سىلايدىغان، ئاتىسىنىڭ مىسكىن
چىرايىغا باقىدىغان كۆزلىرى قىزنىڭ
ئوتلۇق كۆزلىرىگە تويماي قارايدىغان
بولدى... يىگىتنىڭ ئەمدى ئاتىسىنى
سادىقلىق بىلەن بېقىش، ئۇنىڭ ئەجـ
رىنى قايتۇرۇش نىيەتلىرى قەيەرلەرـ
گىدۇر ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ھېلىمۇ ئۆيـ
گە قايتقان يېرىم كېچىلەردە ئاتىسىـ
نىڭ ئورۇن-كۆرپىسىنى قۇرۇقدايتتى.
چاي - دورىلىرىنى ئىچۈرۈپ قوياتتى.
لېكىن بۇ ئىشلارنى قاپاقلىرىدىن قارـ
مۇز ياغدۇرغان ھالدا قىلاتتى. ئاتىـ
سىنى كۆرسىلا قەلبىدە بىر خىل بىـ
زارلىق تۇيغۇسى باش كۆتۈرەتتى. بوـ
لۇپمۇ قىزنىڭ ئۆيىگە تۇنجى قېتىم
بېرىپ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن
كۆرۈشۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ
ئاتىسىغا بولغان بىزارلىقى يەنىمۇ
ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ ئاپپاشا بىلەن
تونۇشۇپ ئۈچ ئايچە ئۆتكەندىن كېيىنـ

كى ئىش ئىدى. تا مۇشۇ چاغقىچە ئۇ قىزنى ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ بارمىغانىدى. قىز بۇنداق قىلىشقا ئۇنىمايتتى. پەقەت كوچىنىڭ ئاغزىدىلا خوشلىشاتتى، ئاشۇ كۈنىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى قىز يىگىتنىڭ ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. يىگىت خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى. دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە قىز ئەتە چۈشتە مۇشۇ ئۆيگە كېلىشنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ يىگىت بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. يىگىت ھودۇقتى. كۆرۈشۈش ۋاقتىنى ئارقىغا سۈرمەكچى بولدى. لېكىن قىز ئۇنى ئوڭايلا قايىل قىلدى...

ئەتىسى چۈشتە يىگىت ئاشۇ دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسىدىن تۇنجى قېتىم ئاتلىغاندا چىرايى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. قەلبىدە ھودۇقۇش، ئەنسىزلىك ۋە ھەممە غەلىيان كۆتۈرۈۋاتاتتى. لېكىن بۇ ھالەت كۆپ ئۆتمەي ھەيرانلىققا ئالماشتى. ئۇنىڭ ئاغزى ھاڭدەك، كۆزلىرى جامدەك ئېچىلىپلا قالدى. ئۆزىنىڭ قىزنىڭ ئۆيىدىمۇ ياكى «جەننەتۇل رىزۋان» ۋە ياكى «جەننەتۇل مەئۋا»دا ئىكەنلىكىنى بىردەمگە ئايرىيالمىدى. ئۇ ئۆمرىدە تېخى مۇنداق ھەشەمەتلىك، بۇنداق گۈزەل ھويلا - ئارامنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ بۇرۇنمۇ بىر قېتىم مۇشۇنداق ھەيران بولغان. ئۇ يېزا باشلىقىنىڭ ئۆيىگە خىش چۈشۈرۈشۈپ بەرگىلى بارغان چاغدا بولۇپ ئۆتكەن. ئەمما يېزا باشلىقىنىڭ ئاشۇ قورۇ-جايى مۇشۇ كۆز ئالدىدىكى «جەننەتۇل فىردەۋس» ئالدىدا ھېچنىمىگە ئەرزىمەيتتى. يىگىت ھويلىغا ياتقۇزۇلغان چىنە خىشلار ئۈستىگە قانداق دەسسەشنى بىلەلمەي قالدى... قىزنىڭ ھويلىدا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان ئاتىسى يىگىت بىلەن باش لىڭشىتىپ سالاملاشتى - دە، ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قىزنىڭ ئانىسى قايىقتىندۇر پەيدا بولۇپ، يىگىت بىلەن ئوچۇق چىراي سالاملاشتى ۋە دەرھال «قېنى قىزىم، مېھمانخانىغا باشلاڭ» دېدى. بولغۇسى قېيىن ئانا گويا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيۋاتقاندەك ئىدى. يىگىتكە يەر تېگىدىن باقاتتى. قىز يىگىتنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ كۆڭلىدە «غەلۋىردە توختىغۇدەكتىن تېپىپتۇ...» دېگەن پىكىر پەيدا بولدى...

ئاشۇ كۈنى قاۋۇل كۆپ قېتىم ۋە كۆپ ئىشلارغا ھەيران بولدى، ئاجايىپ بېزەلگەن مېھمانخانىغا ھەيران بولدى؛ ئاسما چىراغلار، رەڭدار گىلەملەر، خۇرۇم سافالار، ئەينەك چايشىرەلىرىگە ھەيران بولدى. چاي شىرەسىگە تىزىلغان خىلمۇ خىل مۇراببا، پېچىنە - پىرەنىكلەردىن ھەيران بولدى، قىزنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇشۇ ناھىيىدە ئۇزۇن يىل مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر بولسا سىياسىي كېڭەشكە مۇدىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىمۇ ھەيران بولدى. قىزنىڭ ئانىسىنىڭمۇ ھەيران قالغۇچىلىك نامى بار ئىدى. ئۇ يەنە بولغۇسى قېيىن ئانىسىنىڭ قايسى بىر مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئىكەنلىكىدىن، ھەممىدىن بەكرەك مۇشۇنداق ئائىلىنىڭ ئەركە قىزىنىڭ ئاران ئۇچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغانلىقىدىن ھەيران بولدى. قىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كىچىكىدە بەكلا كېسەلچان ئىكەنمىش، شۇڭا ئوقۇيالماپتىمىش...

ئەگەر يىگىت شۇ كۈنى ئۆزىنى ئەركىنـ
رەك تۇتالىغان بولسا، باشقا ئۆيلەر-
نى ۋە باغ - ۋارانىلارنى تولۇق ئارىـ
لاپ چىقالىغان بـولسا، يەنە نۇرغۇن-
نۇرغۇن قېتىم ھەيران قالغان بولاتتى.
لېكىن ئۇ ئـۇنداق ئازادە بولالمىدى.
ئۈنلۈكرەك تىنىشقىمۇ، قىز بىلەن پا-
راڭلىشىشقىمۇجۇرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ
بىردىنبىر تەسىراتى مەن بەكمۇ ئېگىز
ئوقۇرغا ئېسىلغىلى قوپقان ئوخشايمەن
دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئاللىقانداق
بىر ئازابلىق تۇيغۇ قەلبىنى چىرمىۋال-
غانىـدى. ئـۇ ئـاشۇ تـۇيغۇنىڭ نېمە
ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىپ يېتەلمە-
سىمۇ غۇۋا سەزگەنـىدى. بۇ تەڭسىز-
لىك تۇيغۇسى ئـىدى. ئـۇنىڭ قـەلبى
ئۈمىدسىزلىككە تولدى. ئۆزىنى دۇنيادا
ھېچنېمىسى يوقتەك ھېس قىلدى... ئا-
شۇ كۈنى قىزنىڭ: «بىزنىڭ ئۆينى كۆر-
دىڭىز ، ئاتا - ئانامنىڭ كىملىكىنىمۇ
بىلدىڭىز، ئەمدى سىزنىڭ ئوردىڭىز -
نىڭ نەدىلىكىنى، شاھ ئاتىڭىز بىلەن
مـەلىكە ئانىڭىزنىڭ كىملىكىنى بىل -
سەك بولارمۇ؟ ئۇلارنىڭ مۇبارەك جا -
مالىنى كۆرۈشكە ئىجازەت بېرەرسىز -
مۇ؟...» دېـگەن سۆزلىرىنى ئاڭـلىغاندا
يىگىت قاتـتىق چۆچۈپ كەتتى. قـەلبى
نومۇس، ئەلەمدىن پۇچۇلاندى. ئۇنىڭـ
غا قـىزنىڭ سۆزلىرى گويا يۈرىكىنى
پىچاقتا تىلغاندەك تۇيۇلغانىدى. يە -
گىت نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىر ھا-
زا مەڭدەپ كەتتى. بۇ ئۇلارنـىڭ بىر -
بىرىنىڭ ئاتا - ئانىسى، نەسەب يىلى -
تىزى، ئائىلە ئەھۋالى توغرىسىداتۇن-
جى قېتىم پاراڭلىشىشى ئىدى . ئۇ نې-
مە دەپ جاۋاب بېرەلىسۇن؟
ــ مېنىڭ ئاتا - ئـانام يوق، ئۆ -
يۈممۇ يوق، مەن قارا يېتىم...-ئۇ ئەنە
شۇنداق دېدى. ئەقلىگە ئاشۇ پىكىرنىڭ
نەدىن كەلگەنلىكىگە، ئاغزىدىن ئـاشۇ
سۆزلەرنىڭ قانداق چىققانلىقىغا ئۆ -
زىمۇ ھەيران قالدى. بىر ھېسابتا ئۆ-
زىنىڭ جاۋابىنى توغرا دەپ تەستىق -
لايتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «ئۇ ئاشۇ ئۆتمە-
تۆشۈك ئۆينى ئۆي دېگىلى بولاتتىمۇ ؟
ئاشۇ نىمجان بىر ئۆمۈر ئىشلەپمۇئوغ-
لىغا تۈزۈكرەك مىراس يىغالمىغان ئا-
دەمنى ئاتادېگىلى بولامدۇ؟ ئاتا دەپ
باشقىلارغا تونۇشتۇرغىلى بولامدۇ؟ ...
مـەن يالغان ئېيتمىدىم، مېنىڭ ئۆيۈم
يوق، ئاتام يوق، ئۇ نىمجان، بۈگۈن-
ئـەتىنىڭ ئىچىدە ئۇ دۇنياغا كېتىدۇ،
ئىز - دېرەكسىز، نامۇ - نىشانسىزغا يىمب
بولىدۇ، مەن يالغان ئېيتمىدىم...» دەپ
ئويلايتتى.

ئاشۇ قېتىم قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى
بىلەن كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئۇ ئۇزۇنغىـ
چە ئاشۇنداق ئويلاپ يۈردى. قىزنىڭ ئا-
ئىلىسى بىلەن ئۆز ئائىلىسى ئوتتۇرىسىـ
دىكى پەرقنى ئويلىسىلا كۆڭلىگە ئاشۇ پىـ
كىر كېلەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆز ۋىجدانىـ
نى ئالدايدىغان ئەرمىكى بولۇپ قال -
غانىدى.

ئـاشۇ قېتىمدىن كېيىن ئۇ ساق ئون
كۈنگىچە قىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈر -
دى . قـەلبىدە قاتتـىق كۈرەش ھـۆكۈم
سۈردى. ئۇ«ئەگەر راستىنلا ئاشۇ ئېگىز
- ئوقۇرغا ئېسىلىۋەرسەم، قانداق بولار ؟
كېيىن ھەسرەتچېكىپ قالارمەنمۇ؟ ئەگەر
ئۇنىڭدىنۋاز كەچسەم ئايرىلىش ئازابى
قانچىلىك بولار؟ دەپ ئويلايتتى. كۆڭـ
لىگە يەنە ھېلىقى پىكىر كېلەتتى. قەلـ
بىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن «ئۆيۈم يـوق،
ئاتا - ئانام يوق، مەن قارا يېتىممەن»

دېگەن ئاۋاز كېلەتتى. ئۇ ئون كۈنلۈك جۇدالىققا چىدالمىدى. ئاخىرى قىزنى يەنە ئىزدەپ باردى. ئېگىز بوسۇغىدىن يەنە ئاتلىدى...

ئاشۇ ئىشلاردىن كېيىن يىگىتنىڭ ئاتىسىغا بولغان بىزارلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى. قەلبىدە شوم، كۇپۇرانە، ئازغۇن پىكىرلەر تۇرۇپ-تۇرۇپ پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئارقىدىنلا ئاشۇنداق پىكىرلەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىگە تۆۋە قىلاتتى، ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. بەزىدە تۇرۇپ-تۇرۇپ، «ئاتام بىر كۈندىلا ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتسە، بىزمۇ ئۆيلىرىمىزنى تۈزەشتۈرسەك» دېگەن گۈزەل خىياللارنىمۇ قىلىپ قالاتتى. ئارقىدىنلا: «مەن ئايپاشاغا ئاتام يوق دېگەن تۇرسام، ئۇ ساقايغان ھالەتتىمۇ ئەمدى يەنە نېمىلەرنى دېيەلەيمەن...» دېگەن ئوي كاللىسىغا كېلىۋالاتتى. ئۇ ئاشۇنداق تەگسىز ئوي-خىياللار ئىلكىدە ئازاب چېكەتتى. بىر دېمىسىران بولاتتى، پۇچۇلىناتتى. بەزىدە ئىنتايىن قورقۇنچلۇق خىياللار كاللىسىغا كېلىۋالاتتى. «ئاتام ئۆلۈپ قالسا مەن راستىنلا قارا يېتىمغا ئايلىنىپ قالسام...» ئۇ ئاشۇنداق بولغاندا ئايپاشا بىلەن توي قىلىشىم ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن، ئۇلار ئۇنۇغۇلسىز ئادەملەر ئىكەن. مېنى ئىچكۈيئوغۇل قىلىپ قوبۇل قىلىشى مۇمكىن، شۇلارنىڭ سايىسىدا مەنمۇ جەمئىيەتتىن ياخشىراق بىر ئورۇنغا ئىگە بولۇشۇم مۇمكىن... قاۋۇل كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ بۇ خىيالنى قىلىپ قالغىنىدىن بىر ئاز ئەپسۇسلىنىپمۇ قالاتتى. ئۇ مۇھەببەتتىن كور بولۇپ، بارغانچە ئەقلىنى يوقاتماقتا ئىدى. كۈنلەر ئۆتۈپ قاۋۇلنىڭ ئاتىسىدىن ياخشى خەۋەر ئالمايۋاتقانلىقى توغرىسىدا گەپ كوچىغا چىقىپ قالدى. ئويان تارقىلىپ، بۇيان تارقىلىپ يېزا باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. يېزا باشلىقى بىر كۈنى قاۋۇلنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى. ھەتتا قاتتىقراق تەگدى. ئاتا-ئانىسىنى تاشلىۋەتكەنلەرنى جازالايدىغان قانۇن بارلىقىنىمۇ ئەسكەرتتى. ئاتىسىنىڭ ئۇنى بېقىش جەريانىدا قايتا ئۆيلەنمەي تارتقان جاپالىرىنى، يېمەي-يېگۈزۈپ، كىيمەي-كىيگۈزۈپ، ئون ياشقىچە ھاپاشلاپ يۈرۈپ چوڭ قىلغانلىقىنى يادىغا سالدى... قاۋۇل زادىلا ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى، ئىدارىدا ئىشىنىڭ ئالدىراشلىقىنى، ۋاقىت چىقىرالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئاقلىدى. لېكىن يېزا باشلىقى بۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمىدى.

— بىرەر كۈن رۇخسەت سوراشقىمۇ بولمامدۇ؟ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كېلىش ئىمكانىيىتىڭ يوقمۇ؟ بىكار گەپ. ئەگەر سەن راستىنلا مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭ، مەن كېلەر ھەپتە يېزىلىق سوتتىكىلەرنى ئۆيۈڭگە، ئىدارەڭگە ئەۋەتىمەن. قانۇن ساڭا ۋەز-نەسىھەت قىلىپ ئولتۇرمايدۇ، باھانە-سەۋەبلىرىڭنى ئېتىراپمۇ قىلمايدۇ. سەن ياخشىراق ئويلاپ باق...

يېزا باشلىقى كەتتى. قاۋۇلنى يەنە غەم باستى. ئەگەر بۇ ھەممىگە، ھەممە ئىشقا چېپىلىپ يۈرۈيدىغان «چېپىلغاق مۈشۈك» راستىنلا سوتتىكىلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان بولسا، ئۆزى بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى، ئىدارىدىمۇ تەنقىدكە قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمدى قانداق قىل-

ھۇلۇق؟ ئۇنىڭ ئايپاشا ئالدىدىكى قىزسىلچىلىقىمۇ يېتىپ ئاشاتتىغۇ، ئەمدى بۇ «چېپىلغاق مۇشۇك» نەدىن پەيدا بولدى؟

ئاشۇكۈنى قاۋۇل ئىدارىدىن بىركۈنلۈك رۇخسەت ئالدى. ئاتىسىنى دوختۇرغا ئەمەس «يامانقۇم» نىڭ نېرىسىدىكى «دۆگمەھەللە» دىكى «تېۋىپ ھاجىم» غا كۆرسەتمەكچى بولدى. سەۋەبى: «تېۋىپ ھاجىم» نىڭ دورىلىرى ئەرزان ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، قاۋۇلنىڭ ئاتىسىنى راستىنلا داۋالىتىش نىيىتى يوق ئىدى. تولا داۋالىتىپ زېرىككەن. بۇ قېتىم پەقەت داۋالىتىشقا ئېلىپ ماڭغان قىياپەتلا كۆرسەتمەكچى بولغانىدى. «يامانقۇم» دىن ئېشەك ھارۋىسى ماڭالمايتتى. شۇڭا ئۇ كەنت سېكرېتارىدىن ئات تىلىدى. سادىر ئاكا ئۇنىڭ ئاتىسىنى تېۋىپقا ئاپارماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى ۋە دەرھال ئېتىنى ئېگەر - يۈگەنلەپ تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ئوبدانراق باشقۇر، ئۈركۈيدىغان ئادىتىمۇ بار، لېكىن كۈچلۈك جانىۋار بۇ. ئىككىڭلارنى بىمالال كۆتۈرەلەيدۇ...

— ياق، ئىككىمىز مىنمەيمىز، دادامنى مىنگۈزۈپ، ئۆزۈم يېتىلەپ ماڭىمەن...

ئۇ ئاتىسىنى ئاتقا مىنگۈزۈپ ئاستا يېتىلەپ ماڭدى. ئاتا ئات ئۈستىدە ئاران - ئارانلا ئولتۇراتتى. چۈنكى بۈگۈن ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس ئىدى. قورسىقى قۇرۇق ئاغرىپ، قەدەمدە بىر تەرەتتى قىستاپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ئاتقا چاپلىشىپ قالايلا دېگەنىدى. قاۋۇل ئاتنى باشپېغىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ باراتتى. ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشىنى «ۋاپادار ئوغۇلنىڭ نىمجان ئاتىنى تېۋىپقا ئاپىرىش» دەپ ماۋزۇ قويۇپ سىزىپ چىقسا، ئاجايىپ تەسىرلەندۈرەرلىك رەسىم بولاتتى. ئۇلار شۇنداق مېڭىپ، قۇياش جاھاننى ئوتتەك قىزدۇرغان مەزگىلدە «يامانقۇم» غا يېتىپ كەلدى. يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئاتا: «تەرەتتىم بەك قىستاپ كەتتى، مېنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ قوي» دەپ تۇرۋالدى. قاۋۇلنىڭ نەزەرىچە ئۇ بىردەم چىدىسا، «يامانقۇم» دىن ئۆتۈۋالغىچە چىدىسا بولاتتى. ئىيۇلنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق ئاپتىپىدا بۇنداق يەردە توختاش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قۇمغا يالاڭ دەسسەپ بولمايتتى. قاۋۇل ئاتىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك قولاق يوپۇرۇپ مېڭىۋەردى. ئاتا سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى. چۈنكى ئۇ بولالمايۋاتاتتى.

— شۇنچە قىزىق قۇم ئۈستىدە قانداق تەرەت قىلىدىكىن، ئەجەبمۇ تولا كوتۇلدىدى، - قاۋۇل ئاتىسىنى ئات ئۈستىدىن چۈشۈرۈۋېتىپ يەنە شۇنداق غۇدۇرىدى.

ئاتا يۇمشاق قۇم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالدى. نېمىشقىدۇر تەرەت قىلمىدى. ئۇنىڭ مەيۈسلەنگەن كۆزلىرى كۆپكۆك قۇم دانىچىلىرىغا تىكىلىپ قالغانىدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى، ئاتا، مىدىراي دېمەيتتى. قۇملۇق تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى، قاۋۇلنىڭ چېكىسىدىن توختىماي تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىرى چىدىمىدى.

— بولدىمۇ، تەرەت قىلىپ بولدۇڭمۇ؟

ئاتا ئۈندىمىدى.

قاۋۇلنىڭ ئەمدى چىداشقا تاقىتى قالمىغانىدى. ئۇ ئاتىسىنى ئاتقا مەجبۇرىي مىندۈرمەكچى بولدى. تۇسۇن ئات تېپچەكلەپ تۇراتتى. ئۇ تىزگىنىنى بوشاتتىمۇ بۇ قاقرام قۇملۇقتىن بەدەر

قاچىدىغاندەك قىلاتتى. كۆپكۆك قۇملۇقتا ئاتنى باغلىغۇدەك بىرەر تۈپ يۇلغۇن تۈگۈل، قومۇش، يانتاقمۇ يوق ئىدى. ئات بولسا تېپچەكلەيتتى. قاۋۇل ئاران دېگەندە ئاتنى ئاتىسىغا يېقىن ئەكېلىپ توختاتتى. ئات كەينىگە داجىيتتى. قاۋۇل ئالدىغا تارتاتتى. ئاتنى مىڭنى تىللاپ ئاخىرى ئاتىسىنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ توختاتتى. ئاتنىڭ باشبېغىنى ئۆزىنىڭ يوتىسىغا چىڭ باغلىدى. ئۇ ئاتىسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قولىنى بوشاتمىسا بولمايتتى. ئۇ ئاتنى يوتىسىغا باغلاپ بولۇپ، يەرگە تىزلىنىپ ئەمدى ئاتىسىنى كۆتۈرەي دېگەندە ئات يەنە كەينىگە داجىپ تېپچەكلەپ قاۋۇلنىڭ يوتىسىنى ئاغرىتىۋەتتى. قاۋۇل باشبېغىدىن تۇتۇپ ئاتنى سىلكىپ ئالدىغا تاتتى. ئات تىرەجەيتتى. قاقرام ئىسسىق، قىزىق قۇم، ئاتنىڭ تەرسالىقى قوشۇلۇپ قاۋۇلنى جىلە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۆڭلىدىكى كۇپۇرانە شۇم پىكىرلەر چىقىپ كەتتى.

— تەرەت قىلمىغان نېمىسىگە ئاتتىن چۈشمەن دەپ، ئادەمگە شۇنچىۋالا جاپا سالغان بارمۇ؟ يا بىر ئۆلمىدى، خۇدا يىم...

توسۇن ئات تۇيۇقسىز ئۈركۈپ كەتتى. ئات قايسىبىر تۆشۈكتىن چىقىپ، پىلدىرلاپ يۈرگەن سالما - پاتمۇچۇقتىن ئۈركىدىمۇ، ياكى ئاسماندا قاقىلداپ ئۇچۇپ ئۆتكەن قاغا - قۇزغۇنلاردىنمۇ ۋە ياكى قاۋۇلنىڭ بۇزۇلغان تەلەتى، شۇم — كۇپۇرانە سۆزلىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۈركۈپ قاچتى. قۇربان ئاكىنىڭ تەستە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىغاندا، ئات قەھرى بىلەن بوغۇناق ئۆرلىتىپ چېپىپ كېتىۋاتاتتى. ئاتنىڭ ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىپ - سۆرىلىپ كېتىۋاتقان قاۋۇل ئازاب بىلەن چىرقىرايتتى. ئات تېخىمۇ ئۈركۈپ كەينىگە قاراپ چاپاتتى. بارا - بارا قويۇق چاڭ - توزان ئىچىدە قاۋۇلمۇ، ئاتمۇ كۆرۈنمەي قالدى.

قۇربان ئاكا «ئۇلۇغ خۇدا، ئوغلۇمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!» دەپ نالە قىلاتتى ۋە دەرمانسىز قوللىرى بىلەن قۇمنى تاتىلاپ، ئات چېپىپ كەتكەن تەرەپكە قاراپ ئۆمىلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ئوغلىنىڭ ئامانلىقىدا ئىدى.

---

(بېشى 18 - بەتتە)

ۋەندازلار › ۋە ‹ تاماشىبىنلار › يوق ئىكەن. ئەكسىچە ئەزەلدىن ئادەم تولۇپ ياتقان كۇتۇپخانىمىزغا ئوخشاش جايلار ھەممىدىن ئاۋات ئىكەن.

ياشلىرىغا كەلسەك بىزدەك ئەتىدىن كەچكىچە مۇھەببەت غېمىدىلا يۈرمەيدىكەن. ئاغزىدا بىزدەك ‹ ۋەتەن ئۈچۈن › دېگەن شوئارنى توۋلىمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى بىلىمگە پەرۋانىدەك ئۇرىدىكەن. مۇشۇ ئەھۋاللارنى يېزىۋېتىپ تۆت يىللىق ئوقۇش ھاياتىمغا ئۆزۈمنى ‹ ئىقتىدارلىق › ھېساپلىغانلىقىمغا كۈلگۈم كېلىدۇ... بولدىلا، بەك تەپسىلىي يېزىپ كېتىپتىمەن ( كەچۈرۈڭ ) .

ئىشقىلىپ مەن مېنى چىقىم ئارتىپ ئوقۇتقان خەلقىمگە جاۋاب قايتۇرغۇدەك نەتىجە بىلەن قايتىمەن . بۇ يەردە ۋاقىتنى بەك قەدىرلەيدىغان بولۇپ كەتتىم . شۇڭا خېتىمنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇراي .

ئەدەبىيىزلىك بولسىمۇ دەي، سىلەرمۇ بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا زىيالىي. شۇڭا ئالدى بىلەن سىلەر ئىلىمگە يۈرۈش قىلىشتا باشلامچى بولۇشىڭلار كېرەك .

خەير سىلەرنى ، ئەزىز تۇپراقنى سېغىنىپ: باھار»

سىدىق قاۋۇز

# «تىلسىمات دۇنياسى» دىن كەلگەن سادا

(ئەسەر)

ئۇ بەزىدە ھۆكۈرەپ يىغلايتتى، يىغىسى شۇ قەدەر ئېچىنىشلىق ۋە دەھشەتلىكى، ئۇنىڭ زارىدىن زېمىن ئاھ ئۇرۇپ، بۇلۇتلار ياش تۆكەتتى، تاغۇ - تاشلار يېرىلىپ، قارلىق چوققىلار تەۋرەيتتى. قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلگەندە، بۇلبۇللار سايراشتىن توختاپ، ئۇنىڭ جەزبىلىك ئاۋازىغا مەستخۇش بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ قەھر - غەزىپى قىيان بولغاندا، چىن شىخۇاڭ سارايىغا چۈشۈپ بۇتقا تىزلانغان، چىڭگىزخان ئوقيانىڭ كىردىچىنى يىغىپ، چېدىر - بارگاھىغا قاچقان، ھەربىي تالانتى ۋە ئەسەبىي سىياسىي قارا نىيىتىگە تايىنىپ شاھلىق تاجىنى كىيگەن ناپالېئون مۇقەددەس ھېلېنا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان، گىتلېر سىرلىق ئۆڭكۈردە زەھەر يۇتقان، مۇسولىنى، تۇدزىيولار دىر - دىر تىترىشىپ دار ئالدىغا كەلگەن چاغلار بولغانىدى. خۇش ۋاقىت كۈنلىرى كېلىپ، كەڭ قورساق بولۇپ قالغاندا ئۇنىڭ گەجگىسىگە مىنىپ، سەھرايى كەبىر چۆلى ياكى «ھالاكەت دېڭىزى» — تەكلىماكاننى يۈز ئايلانغىلى سالسىڭمۇ، ھاپاش بولۇپ ھەج - تاۋاپقا يول ئۇتساڭمۇ شەرتسىز رازى بولاتتى. ئەمما تارلىقى تۇتۇپ، جۇدۇنى ئۆرلىگەندە، بىر چىشلەم نان يېيىشىڭگە، بىر ئوتلام سۇ ئىچىشىڭگىمۇ چىدىمايتتى. ئۇ بەزىدە شۇ قەدەر گۈزەللىشىپ كېتەتتىكى، دۇنيادىكى ھەر قانداق چىرايلىق نەرسىنى ئۇنىڭغا تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن بولماي قالاتتى. سەتلىشىپ كەتكەن چاغلاردا كىشى يولدا ئۆز كۆلەڭگىسىدىن ئۈركۈپ قاچاتتى...

مەن ئۇنىڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە نۇرغۇن - نۇرغۇن ھۈنەرلىرىنى كۆردۈم ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە ئۇنىڭدىن: «ئىسمىڭ نېمە؟ سەن نېمىشقا بۇنچە سىرلىق؟» دەپ سوراشقا پېتىندىم. ئۇ مېنىڭ سوئالىمغا دەسلەپتە قاقاقلاپ كۈلدى، كېيىن چىرايىدىكى كۈلكە ئۆچۈپ تاتاردى، ئاندىن يىغلىدى ۋە ئاخىرىدا غەزەپلىنىپ: «ھەيران بولۇۋاتامسەن؟ مېنىڭ ئىسمىم تۇرمۇش» دېگەن كەسكىن جاۋابنى بەردى. ئېھتىمال ئۇنىڭ سەۋر - تاقىتى چېكىگە يەتكەن بولسا كېرەك، مېنىڭ سوئالىم بىلەن تەڭ سۆزلىرى تەلكە تېغىدىكى شارقىراتمىدەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى: مېنى مۇشۇ كويلارغا سېلىپ، كېمەك ئەييارزەدەك 72 خىل ئۆزگىرىشكە مەجبۇر قىلغىنىڭلار سىلەر ئەمەسمۇ؟ مەن سىلەرگە دائىم شادلىق، بەخت - سائادەت، مەئىشەت ۋە نۇسرەت ئاتا قىلسام، غەم - قايغۇدىن ئەبەدىي يىراق قىلسام دەيمەن، بىراق، بەزىلىرىڭلارنىڭ كۆڭلى ئاسايىشلىقنى خالىمىسا كېرەك، مېنى شۈركۈندۈرىدىغان، غەزەپلەندۈرىدىغان پەسكەش قىلمىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ زىتىمغا تېگىسىلەر، شۇڭا ئاچچىقىمدا سىمابتەك تىترەپ تۇرۇپ قارغىش ياغدۇرىمەن. ئەقلىڭلارنى ئىشقا بۇيرۇپ مېنى سۆيۈندۈرگەن چاغلاردا ئەلۋەتتە پەخىرلىنىپ كۈلىمەن. گاھىدا ئىچىتارلىق، كۈنۈسلۇق قىلىشىمنىڭ ۋەجىمۇ ئېنىق. سېخىيلىق قىلىپ، ئالى-

قىنىمنى بەك كەڭ ئېچىۋەتسەم ئاچكۆزلىشىپ ئىل دەرياسىدىكى ئىمساھتەك ھەممىنى يۇتۇن يۇتماقچى بولىسىلەر، ئەمەلىيەتتە بەزىلىرىڭلارنىڭ ئېڭىنى، مەنىۋى پىسخىكىسى ۋە قىپقىزىل قېنىنى ئاللىقاچان تىكىنىخورلۇق ۋاباسى بولغىدى. روھىي قەپەسلىرىڭلارنى بولسا نەپسانىيەت ئەجدىھاسى ۋەيران قىلىۋەتتى. شۇڭا، كۆننۇسلۇق قىلىشنى لايىق تاپتىم.

مەن سىلەرنىڭ پانىي ئالەمدىكى چاكىرىڭلار، سىردىشىڭلار، ئەڭ يېقىن دوستۇڭلار، بىردىنبىر ھەمراھىڭلار، سىلەرسىز مېنىڭ لۇغەتتىكى، دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقۇم نۆلگە تەڭ. ناھايىتى ئەپسۇسكى، بەزى رەزىل مەخلۇقلار ئۆزلىرىنى خاقان چاغلاپ، تويماس نەپسى ئۈچۈن ھەر قانداق غالجىرلىقلاردىن باش تارتمايدۇ. گاھىدا ئادەمزاتقا ئاسىيلىق قىلىپ، يىرتقۇچ ھايۋانلار تويپىغا ئۆتۈۋالىدۇ. ئۇنداقتا ئۇلارغا گۆرزا تەگلىشىم يوللۇقمۇ؟! مېنىڭ ھېچكىمنى گۆرگە ئىتتىرىۋەتكۈم يوق. قېتىدىن نەيرەڭۋازلىق ھىدى چىقىپ تۇرىدىغان قۇرۇق مەدھىيە، ساختىلىق بىلەن قىلىنغان دەبدەبىلىك ۋەدىلەر مېنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىم. نادانلار، كالتا پەملەر مېنى «تىلسىماتلىق دۇنيا» ھېسابلايدۇ. ئاقىللار ئۈچۈن مەن ئۇنچىلا سىرلىق ئەمەس.

ئۇ سۆزدىن توختىدى. بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن: «مېنى چۈشەنگەن بولساڭ ئەمدى ئۆز يولۇڭنى تاپ!» دېگەندەك، پېقىرغا مەنىلىك قارىدى ۋە كۆز ئالدىدىكى رەڭگارەڭ مەنزىرىلەر بىلەن جىلۋىلىنىۋاتقان كەڭرى ئالەمگە، ھايات دېڭىزىدا ئۈزۈۋاتقان خىلمۇخىل ئادەملەرگە، گىرىمسەن ئۇپۇققا نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ شۇ ئەسنادىكى ئوتلۇق نىگاھى بەيگىچىلەر ئۈچۈن مەدەت، ئۆزىنى چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن غەمخورلۇق بولسىمۇ قارشى قۇتۇپتىكىلەر ئۈچۈن شەمشەر ئىدى.

## ئەرۋاھلارغا خىتاب

مېنىڭ ئۈمىد جامىدا كەۋسەر يۇتۇپ، جەسۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان زەبەردەست ھالىتىمنى كۆرگەن كىشىلەر بەلكىم كارۋان دېيىشەر. ھە راست، مېنى كارۋان، بەيگىچى دېسە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى مېنىڭ 20 - ئەسىر جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە كارۋانلار، بەيگىچىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىمنى ھەممە پەرلىرىم ئوبدان بىلىدۇ. ئەزىز خەلقىم، دەۋرىم ئاتا قىلغان كۈچ - قۇدرەت مېنى قۇشتەك قاناتلاندۇرۇپ، ئاقباش چوققىلارغا ھەتتا كۆكتىكى سەييارە بۇلۇتلارغا قونۇشقا ئۈندىسە، غايە ئىشقىدا يالقۇنلىنىۋاتقان ئاتەش يۈرىكىم يېڭى - يېڭى پەللىلەرگە ئۇلاشتۇرۇپ بارىدۇ. مەن مۇبارەك قەدەملىرىمدىن ئۈنگەن ئەتىرگۈللەرنى پۇرىسام ناخشامدا دىيانەتنى، ئاق رەڭنى مەدھىيىلىسەم، بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۈلسەم ئۇنىڭغا ھەسەت قىلغۇچىلار چىقىدۇ. بىراق بۇنىڭ كارى چاغلىق. مەنزەپەر كولدۇرمىسىنى جاراڭلىتىپ، كۆزلىگەن مەنزىلگاھىمغا قاراپ مېڭىۋېرىمەن. ھالبۇكى، مۇساپە ناھايىتى ئۇزۇن، ئالدىمدىكى يول تولىمۇ ئەگرى - توقاي، مەنزىل بەكمۇ يىراقتا، ئالدىمدا كۆرمەك توساقلار، ئۇ سانجاق - سانجاق نەيزىلەردەك ماڭا قادىلىپ تۇرماقتا؛ كىرىچى تارتىلغان ساناقسىز ئوقيالاردەك جىسمىمنى قارىغا ئېلىش نىشانى قىلماقتا. لېكىن مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالايدىغان مەزمۇت قالقان بار.

مانا ئاڭلاۋاتىمەن. شۇنچىلىك غەلىتە ۋە بىر خىل تېتىقسىز ئاۋاز قۇلاق پەردەمگە زەردە بىلەن ئۇرۇلماقتا:

— ئەي بۇرادەر بۇياققا كەل! مانا مەن بەدەلسىز پايدا - مەنپەئەت، ئەجىرسىز مال - دۇنيا.

— ئەي ئۆز غېمىنى يېمەيدىغان ھاماقەت، كۆرمەيۋاتامسەن؟ مانا مەن «مۇناسىۋەتشۇناس» لىقنىڭ قۇربانى، «ئېپى بار» لارنىڭ ئىشىك ئاچىدىغان خىسلەتلىك ئاچقۇچى، مۇشكۇلاتلارنى ئاسانلاشتۇرۇشنىڭ ئىشەنچلىك ۋاسىتىسى — سوۋغا - سالام.

— مانا مەن ساڭا شۆھرەت، سەلتەنەت، بەخت - سائادەت ئاتا قىلغۇچى ئەنگۈشتەر...

— قارىغىنا، ئالدىڭدا تۇرغىنى يۈز-ئابرويۇڭنى، قەدىر - قىممەت ئورۇندۇقىدىكى ئورنۇڭنى يۇقىرى كۆتۈرگۈچى — خۇشامەت تەخسىسى.

— قارا، «كۈلكە دورىسى» قاچىلانغان ئاۋۇ سىرلىق «مۇنار» ساڭا خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ. يېشىل چىرىغى كۆزۈڭنى ئالىچەكمەن قىلىپ، مىسكىن كۆڭلۈڭنى ئوۋلايدىغان، بەجايىكى تاش - تۇپراقتىمۇ ئىشرەت قوزغاپ، ھاۋايى - ھەۋەس كۆلچىكىگە تاشلايدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە ھېلىقى پىنھان «خانە» دە ھۆرغىلمانلار خىزمىتىڭدە بولىدىغان «جەننەت» بار...

گەپنىڭ توچكىسى، كۆڭلۈڭ نېمىدە خۇش بولسا شۇنىڭغا مەيلىڭنى بەر، قەيەردە تاۋۇلۇڭ كۆتۈرۈلسە شۇ يەرگە بارغىنكى، بىھۇدە جان ئۆپرىتىپ، ئالتە كۈنلۈك ئۆمرۈڭنى رىيازەتنىڭ قۇلى ئورنىدا ئۆتكۈزمە!

بولدى بەس، بۇنداق يىرگىنىشلىك «كۆيۈنۈش» لەر، ناز - كەرەشمىلەر، بەزلەشلەر، غىدىقلاشلار مېنى ئىنتايىن بىزار قىلىۋەتتى. شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، سىلەر ھۆر - پەرى سىياقىغا كىرىۋېلىپ مىڭ خىل ناز بىلەن جىلۋە قىلساڭلارمۇ ئەسلىڭلار بەربىر ئالۋاستى. ئەمدى نەيرىڭىڭلەرنى توختىتىڭلار تۈزۈكمىكىن؟

ئەپسۇسكى ئۇلار خىتابىمغا ئېرەن قىلماي، سۆڭەكلىرى چىرىپ كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتكەن بەگ - سىپاھلارنىڭ ئەرۋاھلىرىدەك يەنىلا ئەتراپىمدا چۆگىلەشكە باشلىدى:

— ئەي ئەخمەق، بىز سېنىڭ بەختىڭنى كۆزلەۋاتساق نېمىشقا قەلبىمىزنى چۈشەنمەيسەن؟! ئادەم ئۆزىنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى كۆزلىمىسە، دۇنيادا ياشاشنىڭ نېمە لەززىتى بار؟ ئەتراپىڭدىكى سېپىل دەرۋازىسىنى ئېچىۋەت، بوسۇغاڭدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان نۇسرەت پەرىسىنى تېپىۋەتسەڭ ئۇۋالىغا قالامسەن؟!

مېنىڭ سادا ۋۇجۇدۇمدا ئازراق بولسىمۇ پۇراش سېزىمى بار، مەن ھەممىنى بىلىپ تۇرىۋاتىمەن. بۇلار — دىۋىلەرنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ھەيۋە - پوپوزىسى، ساراڭلارنىڭ شادلىق كۈيى، خۇدىنى يوقاتقان مەستىنىڭ جۆيلىشى؛ ئۇتتۇۋالغان قىمارۋازنىڭ بىر دەقىقىلىق كۈلكىسى؛ ئەقلىدىن ئازغانلارنىڭ ئەبجەش سورىقى؛ ئۆلۈكلەرنىڭ گۆرىدىن بۇخسۇپ چىققان سېسىق پۇراق؛ دوزاخقا ماڭغانلارنىڭ ھەسرەتلىك نىداسى؛ مەھشەرگاھنى كۈتكەنلەرنىڭ پىلسىرات كۆۋرۈكى ئالدىدىكى نالە - پەريادى خالاس.

مەن قەلبىمدىكى نەپرەتلىك ھېسسىياتنى مەسخىرىگە قوشۇپ، روستەمدەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم. كۈلكەمنىڭ قۇدرىتىدىن تاغ - دەريالار زىلزىلىگە كېلىپ مۇنداق بىر ئەكس سادا قايتتى:

— بارىكاللا ئەزىمەت، بارىكاللا! سەن ھەقىقىي ئادەم نەسلى بولساڭ مانا مۇشۇنداق كۈل! قەلبىڭدىكى دىيانەت گۆھىرىنى شەيتاننىڭ ساختا ئۇنچىلىرىگە تېگىشمە!

مەن سەپىرىمنى داۋام ئەتتىم. ھېلىقى ئەرۋاھلارنىڭ كانايلىرى بوغۇلۇپ گۆرىستاندا قالدى.

دىلنۇر ئابلىز

# كۆنچى دەرياسى گۇۋاھ

(ئەسەر)

ئەتراپىدا قومۇشلار بولۇق ئۆسكەن، توغراقلار چىناردەك ھەيۋەتلىك باراقسانلاپ كەتكەن كۆنچى دەرياسى سالماق ئاقاتتى. بېلىقلار ۋەھىمىسىز ئەركىن پىلتىڭلاپ ئويناقلىسا، كاككۇكلار خۇشال سايرىشىپ، تورغايلار توغراقزارلىقنى چاڭ كەلتۈرۈپ چۇ - چۇشاتتى. يەرمۇ كۆك، ئاسمانمۇ كۆك، قەلبىمدە باھار غۇنچىسى پورەكلەي دەپ تۇرغان ئىككى ئاشىق ۋىسال شەربىتى ئىچمەكتە. توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىر - بىرىگە سۆيگۈ شارابى سۇنماقتا.

ئېھ، نېمە دېگەن تىنچ، نېمانچە گۈزەل!؟ جۈپ - جۈپ كېپىنەك جانىدارلار خۇددى شاھ مەلىكە بىلەن شاھزادىنىڭ غەنىيمەت دەملىرىنى قۇتلاۋاتقان كېنىزەكلەردەك يېقىملىق ئۇسسۇل ئوينىشىپ، نەغمە قىلىشىپ ئۇلارغا بەخت تىلىمەكتە.

يىگىت ئۇۋغا كۆنۈپ كەتكەن ماھىرلىقى بىلەن يېنىدىلا تۇرغان كېسەكنى ئېلىپ ئۇدۇلىدىكى قومۇشلۇق ئارىسىدا دەم كۆرۈنۈپ، دەم قېچىۋاتقان ياۋا توشقانغا ئاتتى. توشقان يىقىلدى. يىگىت ھەش - پەش دېگۈچە ئۇنى سۆيۈپ، ئەتراپتىكى يۇلغۇن ۋە قۇرىغان توغراق شاخلىرىنى ئەكېلىپ ئوت ياقتى. بىر دەۋە قىپقىزىل چوغ بولدى. توشقان گۆشىدىن قىلىنغان مەززىلىك كاۋاپ يېيىلدى. كۆنچى دەرياسىدىن ئۇسسۇلۇق ئىچتى.

ئەمدى بۇ كەڭ يۇرت باغرىدا ئۇلار يەنە تايچاقلاردەك قىيغىتىپ ئويناشقا باشلىدى. ھېلى جۈپ - جۈپ كېپىنەك تۇتۇپ ئوينىسا، ھېلى يۇلغۇن چېچەكلىرىنى ئۈزۈپ ئوينايتتى. بۇ يەردە ئۇلاردىن ئۆزگە ھېچكىم يوق. خۇددى تەڭرى بۇ يەرنى ئۇلار ئۈچۈنلا ئاتىۋەتكەندەك، بۇ يەر خۇددى ئاشىقلارنىڭ ماكانىدەك.

بۇ ئەتراپتا ھېچكىم ئاھادە تام سالمايتتى. پەقەت ئاخشىمى قويلىرىنى سولاپ قويۇش ئۈچۈنلا ئاددىيغىنە غارال ياساپ قويۇشقانىدى. ئوتلاقلارغا، تاغ باغرىلىرىغا، دەريا بويلىرىغا قارايدىغان بولسىڭىز توپ - توپ مال-پادىلار ئوتلاپ يۈرۈشكەن. نە ئۇنى باقىدىغان كىشى يوق. ناۋادا بىرەرسىدىن «ماللىرىڭىز نەدە تۇرىدۇ؟» دەپ سوراپ قالسىڭىز، ئۇ سىزگە «جاڭگالدا ياكى يايلاقتا» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. «ماللىرىڭىزنى ئوغرى ئالمامدۇ؟» دەپ سورىسىڭىز ئىككىلەنمەيلا، بۇ يەردە ئوغرى يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ.

لوپنۇرلۇقلار نامرات بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ كۆزى توق، روھىيىتى بوزۇلمىغان، شەجەرىسى يوقالمىغان، كۆكسى-قارنى بىپايان تارىم دالاسىدەك كەڭ، ئادەملىرى بەردەم، چىدامىلىق، قانچە جاپا - مۇشەققەت، ئازاب ۋە ئەلەملەرنى يۇتۇپ كېتىدۇ.

مۇشۇنداق ئالداش، ئالدىنىش، ئوغرىلاش، ئوغرىلىنىش مەۋجۇت بولمىغان

يەردە سېنى ھېچكىم مارىمايدۇ. ھېچكىم سەندىن گۇمان قىلمايدۇ. يارىڭ ئۆزۈڭنىڭ، بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارمۇ خالىغانچە ئاشىقىڭغا كۆز قىسىپ يۈرمەيدۇ. پەقەتلا شوخ كۈلۈپ ساڭا بەخت تىلەيدۇ. سابامۇ كۆڭلىمەيدۇ دەپ، ئاستاغىنە كېلىپ يارىڭنى سۆيۈۋالمايدۇ. پەقەتلا سىلەرنى سەگىتىپ ئەتراپىڭلاردا ئەگىيدۇ. قەدىردان قېرىنداشلارغا ئوخشاش مەڭزىڭگە مەڭزىنى يېقىپ ساڭا بەخت تىلەپ ئۆتىدۇ. داخشاڭنى ئەركىن تىۋلاپ، ئەتراپىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتسەڭ ھەممەسېنىڭ داخشاڭنى تىنىچ ئاڭلاپ بارىڭالا ئېيتىشىدۇ. قانداقتۇر بىر توپ بەڭباش باللار كەينىڭگە كىرىۋالمايدۇ. شۇ تاپتا بۇ يەر سېنىڭ، سەن بۇ يەرنىڭ خوجىسى!

لېكىن، بۇ يەر تىنىچ، ئازادە دەپ بەڭباشلىق قىلالمايسەن. كۆنچى دەرياسى تىنىچ ئاققىنى بىلەن ئۇ سېنى خۇددى ئاتا - بوۋاڭدەك سەگىتىپ تۇرىدۇ، ئەجداد روھى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئىشىق دەرياسىغا ئېتىپ، سەۋدايىلارچە «دىلبەر» دەپ ھوشىنى يوقاتقانلارنى ئەمەس، بەلكى ئۆز قەلبىڭنىڭ ئەركى بىلەن سۆيگەن، ئەبەدىيلىك ئەقىدە بىلەن جانانىڭنىڭ پاك ۋەسلىگە يېتىدىغان مەردۇ - مەردان يىگىتلەرنى، بەرنا قىزلارنى ئۆستۈرگەن ئانا دەريا! ئانا ئالدىدا بالا بەتقىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغاندەك، سىناققا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، ۋاقىتلىق گۈلگە ئاشنا بولغان بۇلبۇللارغا ئۇ تەشنالىق بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ سۈيى بۇنداقلارغا ھارام!

قاسىم بىلەن نازاكەت ئەنە شۇ تاھىر-زوھرانى پاكلىغان كۆنچى دەريا بويىغا كەلگەنىدى. بۇ دەريا ئۇلارنىڭ پاك مۇھەببىتىنىڭ شاھىتى بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ، ئۇلارنى پاكلىغان بۇ ئانا دەرياغا قەلبىنى يوشۇرماي تۆكەتتى.

ئۇلار بۇ يەرگە ئىككى قېتىم كەلدى. بىرىنچى قېتىمدا ئۇلار بىر - بىرىگە بولغان چىن سۆيگۈلىرىنى ئاشكارىلىغانىدى.

ئۇلار رەسمىدە بولۇشۇپ، قەلبىدە مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى يالقۇنجاشقا باشلىغاندا دەسلەپ، ئەڭ سەممىي كۆكۈل ئەينىكىدە بىر - بىرى ئەھمىيان بولغانىدى. ئۇلار سۆيگۈسىنىڭ چىنلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇلارچە بىرى - بىرى ئۇچۇنلا يارالغان گۈل بىلەن بۇلبۇل ئىدى. غۇنچە بىلەن ياپراق ئىدى، چىراغ بىلەن ياغ ئىدى. بىرى - بىرىسىز ياشىيالمايتتى. شۇڭا ئۇلار ئاشىقلارنى تاۋلىغان بۇ كۆنچى دەرياسىغا ھېچ ئىككىلەنمەيلا كەلگەن. ئۇلار بىر - بىرىگە يېقىنلاشمىدى. بىر-بىرىنىڭ تىنىقىنى پۇراپ تۇرۇپ پىچىرلاشمىدى. بىراق جاھان ئەينىكىدەك سۈزۈك ئېقىۋاتقان بۇ دەريا ئۇلارنىڭ قەلبىنى بىر - بىرىگە ئەينەكتەك روشەن كۆرسىتەتتى. ئىككىسى سەل ئارىلىق قالدۇرۇپ دەريانىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇشتى. ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى دەريادا. بىرى كۆزلىرىدىن ئوت تاراتسا، بىرىنىڭ كۆزى يالقۇن چاچىدۇ. ئوت بىلەن يالقۇن گىرەلىشىپ سۇ يۈزىگە ئالتۇندەك شولا چاچىدۇ. بىرىنىڭ جىلۋىسىدىن غۇنچە ئەھمىيان بولسا، بىرى ئۇنىڭ ئىشقىدا بۇلبۇل بولۇپ كۈي تۆكىدۇ. سۇنىڭ لىرىكىلىق تەۋرىنىشى بىلەن ئۇلار چىرمىشىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. بىرىنىڭ كۆزىدىن ئاققان تامچە ياش دەريا سۈيىنى دولقۇنلاتسا، بىرى ئۇ پاك، ساداقەت يېشىنى بېلىق بولۇپ سۈمۈرىدۇ. بىرى ئاي بولۇپ جىلۋە قىلسا، بىرى قۇياش بولۇپ پارلايدۇ. بۇلارنىڭ كۆكۈل ئاسمىنىدا كېچىمۇ كۈندۈزگە ئوخشاش روشەن يورۇق... ئۇلار ئەنە شۇنداق گۈزەل تۇيغۇ شەپىسى بىلەن ئۈن - تىنسىز ھالدا قەلبىنى ئىزھار قىلىشقان، ئايرىلماس قوش-

ماقلاردىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكەنىدى.

ئۇلار نۇرغۇن ۋەدىلەرنى قىلىشىشىدى. پەقەت ئۈن - تىنسىز ھالدا جىمجىت ئولتۇرۇپ، تۈگىمەس قەلب سۆزلىرىنى كۆزلىرى بىلەن ئېيتىشقاندىن كېيىن كەچ بولۇپ قالغانلىقىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىزدەپ قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ، ئاستا - ئاستا بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئايرىلىشتى.

ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق جىلۋە قىلاتتى، يۈرەكلىرى بەخت بۇلىقىدا پىلتىڭلاپ بېلىقتەك ئويناقلايتتى.

ئۇلارنىڭ دەريا بويىدا ئولتۇرغان ئىزىدىن بىر جۈپ توغراق ئۈنتىلدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شاخلاپ زور يىغىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ياپراقلىرى ئالتۇن رەڭگە كىرىپ، ئۆزلىرى بىلەن بويلاشقۇدەك بولغاندا ئۇلار يەنە كەلدى. ئاشۇ بىر جۈپ توغراق يېنىدا تۇرۇپ قەلبىنى ئىزھار قىلىشتى. مەڭگۈ ئايرىلماسلىققا ۋەدە قىلىشىپ، ئەھدى-ۋاپاسىغا كۆنچى دەرياسىنى شاھىت قىلىپ قەسەم ئىچىشتى. بۇ بىر جۈپ توغراق ئۇلارنى دالدىغا ئالدى. ئىككى سايە جۈپلەشتى. دەريا سۈيى دولقۇنلاپ كەتتى... پاك بىر جۈپ تەنىنىڭ تاتلىق ئۆپۈشلىرىدىن بېلىقلارمۇ چىرمىشىپ كەتتى...

ئاشۇ سۇدا ئېرىتىلگەن تۇزغا نان تۆگۈرۈپ يېيىلدى. قارىماققا ئاددىي لېكىن داغدۇغىسى ئاشقىلار قەلبىنى لەرزىگە سالغۇدەك تەنتەنىلىك توي بولدى، ئاي ھاي!

**ئادالەت ئابدۇرېھىم**

# سۆيگۈ دىۋانىسى

(نەسىر)

مەن دىۋانە ئەمەس. گەرچە مەن مۇھەببەتكە شۇنچىلىك موھتاج بولسامۇ ئەمما سەدىقە بېرىلگەن مۇھەببەتنى قوبۇل قىلغۇم يوق.

ساختا مۇھەببەت، سەن سېنى پاقلاندەك نايناقلاپ، رەققاس قىزلاردەك جىلۋە قىلساڭمۇ ئاچ بۆرىدەك نەپسىم بىلەن سېنى باغرىمغا باسقۇم يوق. ۋۇجۇدۇم باغلانغان شىرنىڭ ھۆركىرىشىدەك بۇ گۈزەل دۇنياغا قاراپ تىپىرلىسىمۇ مىننەت قىلىپ سۇنۇلغان سۆيگۈ ئورمانلىرىدا يۈرگۈم يوق. بولدى، مەن سېنى تىلىمەيمەن. ماڭا پۈتۈن ۋۇجۇدى بەخشەندە قىلىنغان سۆيگۈ كېرەك. ئېتىبار قىلىپ بەرگەن سۆيگۈنىڭ قىممىتى كۇرسى چۈشكەن مالدىنمۇ تۆۋەن. بۇنداق باھاسى چۈشۈرۈلگەن مالنى دەمالىققىچە ئىستېمال قىلغىلى بولغان بىلەن، ھەقىقىي ماھىيىتىدىن ئايرىلغان سۆيگۈنى كۆڭۈل قوبۇل قىلالمايدۇ. دورىنىڭ رېئاكسىيىسىنى بەزىدە ساقايتقىلى بولسىمۇ، ھېسسىياتنىڭ رېئاكسىيىسى پەيدا قىلغان جاراھەتنى ئەبەدىي داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ. گەرچە چىن سۆيگۈنى ئىككى قوللاپ سوۋغا قىلغىلى، پۇلاڭلىتىپ كۆز - كۆز قىلغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ خاسىيىتى بىلەن رەھىمسىز تەنلەرگە روھ، جانسىز ۋۇجۇدلارغا جان، ئۆلگەن كۆڭۈللەرگە ھېسسىيات بەخش ئېتەلەيدۇ. بولدى! ساختا سۆيگۈ، سېنى ھەقىقەتنىڭ بەخت توغرىسىدىكى ناخشىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرلىرىغا چىگىپ ھۇجرامغا ئېسىپ قوياي. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ماڭا راستىنلا نېسىپ بولغىنىڭدا ھەقىقەتتىن جان بېرىپ، سېنى قوبۇل قىلارمەن.

ئابدۇقادىر مەتسىدىق

# سەن قەلبىمدە ئېچىلغان بىر گۈل

## قىز

ئۆتۈپ كەتتىڭ يېنىمدىن سەزمەي،
بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىمنى.

قىزىپ كەتتى نېمانداق بۈگۈن،
كىچىككىنە يېقىملىق بازار؟
چىرايلاردا چېچەك جۇلاسى،
يا رەستىگە كۆچتىمۇ باھار؟

تۈزەپ قويدۇم ئۇستىبېشىمنى،
بولماقچىدەك يېڭى كۈيئوغۇل.
يۈرىكىممۇ قالدى دۈپۈلدەپ،
بىر ئاھۇ كۆز باققاندەك ئۇدۇل.

تومۇز ياغدى كۆكتىن لەپپىدە،
كۆيۈك ھىدى كەلدى مىغىلداپ.
تەر بېسىپتۇ پەقەت مېنىلا،
كۈلۈپ قويدى بىرسى پىخىلداپ.

تۇردۇم ئۇزاق ئاشۇ دوقمۇشتا،
پەرىزاتقا ئۆتەگمىكىن دەپ.
مۇز بوپ قاتتى بىركەمدە ھەممە،
ئاچ كوچىلار كەتتى سېنى يەپ.

## شەكىل

سەن يەنىلا تۈنۈگۈنكى ئاي،
مەن يەنىلا تۈنۈگۈنكى مەن.
ياق، بىرسىمىز جەزمەن ئۇ ئەمەس،
قورقۇنچلۇق بۇنى ئېلىش تەن.

سەن يۇمىلاق، مەن بىر ئۇزۇنچاق،
«0» ۋە «1» گە ئوخشاپ كېتىمىز.
ئالەمدە كۆپ شەكىلسىز نەرسە،
بىز ئۇلارغا شەكىل سىزىمىز.

## سەھرا بازىرى

كىچىككىنە سەھرا بازىرى،
بېرىپ تۇرغىن مەن سىغقۇدەك جاي.
ئۆگىتىپ قوي يەنە ئازراق پەم:
قانداق قىلسام بولالايمەن باي؟

بۇرۇن نامرات قوشنىمىز ئىدى،
ئەنە ئاۋۇ گازىرچى موماي.
ئالتۇن زەنجىر، بىلەيزۈك سېلىپ،
يۈرەر ئەمدى بىزنى تونىماي.

قالدىمىكىن يانچۇقۇم ئاغرىپ،
ئەت ئالمايدۇ باقسام نەچچە ئاي.
بالىلارمۇ قالدى ياۋاشلاپ،
ئانىسىغا دېمەيدۇ قەنچاي.

كىچىككىنە سەھرا بازىرى،
بېرىپ تۇرغىن مەن سىغقۇدەك جاي.
قوينۇڭ تۇرسا سىرلىق خەزىنە،
يۈرىمەنمۇ سارغايتىپ چىراي.

## كۈتۈش

ئۆتتى يەنە جىمجىت بىر كۈنۈم،
تىۋىشلىرىڭ كەلمىدى يوقلاپ.
ئەتراپىمدا لەيلەر سولغۇن ئىس،
مەست بوپ قالدىم ھىجرىڭنى ئوتلاپ.

مۇڭداش بولغان سىگارېت قالدۇقى،
ئۆچتى تۈتەپ كۈلدانىدا ئۇزاق.
يۈرىكىمگە كەتتى تۆكۈلۈپ،
ئەڭ ئاداققى بىر رومكا ھاراق.

## قوشقەۋەت① ئامبىرى

سەلكىن شامال كەلدى لەپىلدەپ،
مىنگەشكەنچە دولقۇنلىرىغا.
سۆيۈپ قويدۇم قايرىپ پەم بىلەن،
قىز لېۋىدەك يۇلغۇنلىرىغا.

جۈپ - جۈپ ئاققۇ ئۈزەر ياندىشىپ،
چەكسىزلىكنىڭ زۇمرەت پايانداز.
يېرىپ قەلبىم تۇمانلىرىنى،
قىلار كۆكتە قارلىغاچ پەرۋاز.

مەشۇقۇمدەك ئەركە بېلىقلار،
ھېسلىرىمنى يۈرەر قوغلىشىپ.
يىراقتىكى كۆكۈش ئورمانلار،
ئۇپۇق بىلەن كۈلەر تويلىشىپ.

سەن — قەلبىمدە ئېچىلغان بىر گۈل،
بېرەلمەيمەن ھۆسنۈڭگە تەرىپ.
سەن — قىز ئەمدى رەسىمدە بولغان،
كېتەلمەيمەن بويۇڭنى ئەگىپ.

## دىلبىرىم

دىلبىرىم،
مانا مۇشۇ بىزنىڭ قوناقلىق،
كىرىۋەرگىن ماڭا ئەگىشىپ.

سالالمىدىم شۇنچە كۈچەپمۇ،
سېنىڭكىدەك ياسىداق ھۇجرا.
ئېتىپ قويدى ئانام پەر ياستۇق،
سامان تەكىيە قويماي يېنىز تويدا.

قارا، قوناق ساقال تارتىپتۇ،
ساقىلىدەك ئىشچان دادامنىڭ.
دان ئالىدۇ كۈزگىچە چوقۇم،
ئۈچكىسىدەك ئۆرۈك، بادامنىڭ.

بىزنى ھېچكىم كۆرۈپ قالمايدۇ،
ئولتۇرغىنە قىرغا يۆلىنىپ.
ئۇزاق بوپتۇ سىرداشمىغىلى،
يا قويمىدىڭ پات - پات كۆرۈنۈپ.

ماڭا ئالما سۆيدۈڭمۇ تېخى،
بولدى ئۇنى يېگىنە ئۈزۈك.
ئېھ، ئەجەبمۇ چىرايلىق جۇمۇ،
سېنىڭ مۇشۇ ئالمىدەك يۈزۈڭ...

مۇھەممەتتۇرزى ئابدۇقادىر

# ئىككى شېئىر

## سەھرايىمنىڭ تۇپىلىق يولى

سەھرايىمنىڭ تۇپىلىق يولى،
تاشلاپ بەرگەن تەبەسسۇمىڭنى.
يات شەھەردە يۈرىمەن ئىزلەپ،
بالىلىقتا يۈتكەن ئىسمىمنى.

تال چىۋىقنى قىلىشىپ دۈلدۈل،
تا كەچكىچە قىلىشقىنىم جەڭ.
ساماۋى تۈس ئالغان ئەسلىمە،
ھېچنېمىگە قىلالمايمەن تەڭ.

ياتقانلىرىم باغرىڭغا سىڭىپ،
سوغ كەلگۈندىن ئولاشسا تىترەك.
بەگباشلىقىم ئاشسا ھەددىدىن،
كولىغىنىم بەزىدە خەندەك.

ئېھ نەقەدەر گۈزەل شۇ دەملەر،
چۈشلىرىمنى يۈرىدۇ كېزىپ.
زەر توپاڭغا تەشنامەن بۇ دەم،
ئالغىن قايتا باغرىڭغا بېسىپ.

① قوشقەۋەت — چىرا ناھىيە گۈلاخما يېزىسىدا يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان بىر كەنت.

### ئانامغا

جېنىم ئانا كەپسەن سالامەت،
يۈرىكىمگە مەرھەمەت قېنى.
پۈرىۋالاي سېنى قانغۇچە،
مىسكىنلەرچە سېغىندىم سېنى.

تىنچ تۇردىمۇ قولۇم - قوشنىلار،
بوي سوزدىمۇ ئالا بويىنقىم.
دادام مېنى ئەسلەمدۇ پات - پات،
خەت يازغۇدەك بولدىغۇ سىڭلىم.

خورجۇنىڭنى ئاچقىنە تېزرەك،
بادۇر بەلكىم قوناق زاغرىسى.
گۈلە - قاق ھەم مەززىلىك سامسا،
مەرۋايىتتەك قاغا جىگدىسى.

ھاردۇقىڭنى ئېلىۋال ئانا،
سەپەر ئۇززۇن كەتكەنسەن چارچاپ.
ئوقۇپ بېرەي شېئىرلىرىمنى،
بىر ساڭىلا يازغانىمەن ئاتاپ.

ئابلىكىم ئابلەت

## غەزەللەر

1

كۆزۈمگە ئۈز كۆرۈنمەيدۇ جاھاندا ھېچ قەيەر سەندەك،
تېپىلمايدۇ جىمى ئىقلىم ئارا مىسلى گۆھەر سەندەك.
ۋەتەن تاغۇ - تېشىڭ ياقۇت، سۈيۈڭ كەۋسەر، توپاڭ ئالتۇن،
قۇچاقىڭ باغۇ - بوستانلىق، تېپىلماس شۇ قەدەر سەندەك.
گۈزەلدۇر بىپايان قوينۇڭ، گويا كۆكلەم بېھىش يەڭلىغ،
بولار جەننەتمۇ ھەر قانچە گۈزەل بولسا ئەگەر سەندەك.
قۇچار سۈبھى - سابا لەرزان بېغىڭدا كۈيچى بۇلبۇلى،
گويا باغۇ - ئىرەمدە ھەم گۈزەل بولماس سەھەر سەندەك.
ئۈزۈپ چىقتىڭ بۇدەم ئالغا، كەبى تۇلپار جاسارەتتە،
بولالماس مەڭگۈگە بىر ئەل تېپىپ قۇت مىسلى ئەر سەندەك.

2

پەرىشتەم گۈل سۈپەت ھۆسنۈڭ بىلەن ئەقلىمنى لال قىلدىڭ،
كۆزۈمدىن ئاققۇزۇپ دەريا، يېشىمنى چەشمە-زىلال قىلدىڭ.
چېچىڭنى يەلپۈتۈپ ھەر يان قېشىڭنى ئوينىتىپ ھەر ئان،
بويۇڭنى ھەم قىلىپ كۆز - كۆز ئۇنى مەجنۇنى تال قىلدىڭ.
«قولى يەتمەيدۇ زىنھار» دەپ مېنى بەكمۇ گاداي چاغلاپ،
ئۆزۈڭنى كۆكتە نۇر چاچقان گوياكى ئاي - ھىلال قىلدىڭ.
ۋىسال - ۋەسلىڭگە يەتتىڭمۇ ئەجەب شوخلۇقتا ناز بىرلە،
يېشىم دەرياسىدا ئۈزدۈڭ، ئۆزۈڭنى بۇندا سال قىلدىڭ.
يۈرەكنى لەختە قان ئەيلەپ ئۆتەمسەن كۈندە ئەي لالەم،
ساڭا يەتمەمدۇ بۇ نالەم؟! مېنى بەكمۇ مالال قىلدىڭ.
تېخى مەن بىر گۈدەك ئەردىم يىگىرمە بىر باھار كۆرگەن،
گۈلۈمنى سەن خازان ئەيلەپ ماڭا بەكمۇ ئۇۋال قىلدىڭ.

قاچارسەن قوغلىسام ئەمما كۆزۈڭ ياشلاپ كېلەرسەن ھەم،
نېچۈن كۆڭلۈڭنى بەرمەيسەن جاۋاب بەر، نە خىيال قىلدىڭ.

3

«نىگارىم» دەپ جىمى ئوتنى ماڭا سالغانلىقىڭ چاندى،
پىراق ـ ئىشقىم چۆلىدە ھالسىراپ قالغانلىقىڭ چاندى.
كۆزۈڭ ياشلاپ ھاياتىمنى ساڭا قۇربانە قىلدىم دەپ،
مېنىڭ ھىجرىمدە ئۇھ تارتىپ ھېرىپ ـ تالغانلىقىڭ چاندى.
ياماناللارغا بېرىپ مەيلىڭ، مېنى سەن ھەم قويۇپ داغدا،
ئۆزۈڭنى مال ـ تاۋار ئەيلەپ نېسى ساتقانلىقىڭ چاندى.
جىمى نازۇ ـ كەرەشمەڭنى ئاشۇ زۇلفۇڭغا جەم ئەيلەپ،
مېنىڭ پەرۋانە قەلبىمنى ئوتتۇپ ئالغانلىقىڭ چاندى.
« سېنى مەڭگۈ سۆيەرمەن » دەپ يۇرەمسەن ياتقا كۆز تاشلاپ،
ئىككەنسەن بىر رەزىل ـ رەڭۋاز ئاشۇ يالغانلىقىڭ چاندى.
نىقابىڭا ئورىلىپ قات ـ قات سىرىڭنى ھەم يوشۇرساڭمۇ،
بۇدەم پاش بولدى ئەسلىڭمۇ « ۋاپا » قىلغانلىقىڭ چاندى.

4

ئايا جانىم يېنىمغا سەن پەقەت بىر رەت كېلىپ كەتكەن،
ئازابتا چوغ كەبى يانغان ۋۇجۇدۇمنى كۆرۈپ كەتكەن.
ئاھۇ كۆز، سەرۋى يەڭلىغ ئاھ، نىگارىم قېينىماي جاننى،
شىپالىق بال لېۋىڭ بىرلە لېۋىمگە لەۋ قويۇپ كەتكىن.
ئاياش يوقمۇ سېنىڭدە ئاھ، نېمە ئۇنچە بىشەپقەتسەن،
جۇدالىقتىن قۇتۇلدۇر، كۆز يېشىمغا سەن چۆمۈپ كەتكىن.
قەسەملەشكەن ئىدۇق بىر چاغ قايان كەتتىڭ مېنى تاشلاپ،
قاناي ۋەسلىڭگە بىر، سەنمۇ ۋىسال پەيزىن سۈرۈپ كەتكىن.
ئازار بەردىڭ جېنىمغا سەن، غەيۇر بىر ئىدىم ئەسلى،
ئايازدا قالدى جىسمىم كۆر، ۋە يا يىغلاپ ـ كۈلۈپ كەتكىن.

رەشىدە ئابلىز

# شېئىرلار

## ۋەتەن

قەيەرگە بارماي ھەم قەيەردە تۇرماي،
ماڭا قۇۋۋەت بېرەر ۋەتەن غۇرۇرى.
ۋەتەندىن مۇھەببەت رىشتىڭ ئۈزۈلسە،
بولمىغاي يېگەن ئاش ـ ناننىڭ ھۇزۇرى.

كەزسەمۇ ئالەمنى مىڭ رەت، مىڭ قېتىم،
سېغىنار گۈلىستان بېغىنى بۇلبۇل.
كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولسىمۇ،
يۇرتىنى ئۇنۇتماس جىگەرلىك ئوغۇل.

## داغدىمەن

(مەرھۇم ئاتامغا بېغىشلايمەن)

كەلمەسكە كەتتىڭمۇ، دۇنيانى تاشلاپ،
بىچارە بالاڭنىڭ كۆزىنى ياشلاپ.

ياتتىڭمۇ زېمىننى مەھكەم باغلاپ،
قەلبىمدە بىر ھەسرەت قالدى، داغدىمەن.

پەرزەنت غېمىدە ئۆرتىنىپ ئۆتتۇڭ،
سۇيۇمدە گاھ لەيلەپ گاھىدا چۆكتۇڭ.
دەشتلەردە مېھرىڭنىڭ شەبنىمىن تۆكتۇڭ
قەلبىمدە بىر ھەسرەت قالدى، داغدىمەن.

سۆيەتتىڭ، كۆيەتتىڭ، يۈرەك پارەمدەپ،
بىلەتتىم دەردىڭ بۇ كۆللى ئالەمدەپ.
ئاھ بۈگۈن، سېنىڭسىز نەدۇر چارەمدەپ،
قەلبىمدە بىر ھەسرەت، قالدى داغدىمەن.

ئەگەردە كۆزۈمدە كۆرسەڭ تامچە ياش،
كېلىڭدىن ئۆتمەيتتى بىر قوشۇقمۇ ئاش.
پاتتىڭ ـ دە، چىقمىدىڭ، سەن قانداق قۇياش؟
قەلبىمدە بىر ھەسرەت، قالدى داغدىمەن.

غۇنچىدەك شېخىمدىن ئايرىلىپ سولدۇم،
ئەل ئارا پاناھسىز بىر يېتىم بولدۇم.
كۆزدىكى ياپراقتەك ئۈششۈكتە سولدۇم،
قەلبىمدە بىر ھەسرەت، قالدى داغدىمەن.

غەمخانەم يوق ئىدى سېنىڭدىن بۆلەك،
كۆمۈلۈپ قالدىمۇ بىر شەبنەم تىلەك.
ئايرىدى سېنىڭدىن مېنى شۇم پەلەك،
قەلبىمدە بىر ھەسرەت، قالدى داغدىمەن.

يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، يىغلايمەن كېچە،
ئاۋازىم يىراققا تا ئاڭلانغىچە.

ئۆمەرجان رەخمان

يۆلەكچىم سەن ئىدىڭ تاكى ئۆلگىچە،
قەلبىمدە بىر ھەسرەت، قالدى داغدىمەن.

## دۇنيا

بىر دىمىز كەلسەك، بىر دىمىز كېتىمىز،
بىز ئۈچۈن سەيلىگاھ، ساراي سەن دۇنيا.
بىر يۈزى يىغىدۇر، بىر يۈزى كۈلكە،
نېمانچە قىزىقچى ئاي ـ ھاي سەن دۇنيا؟!

قارىسام، بىراۋلار مۇرۇۋۋىتىڭدىن،
كۈتمىگەن ئامەتكە بولۇشتى ئىگە.
بىراۋلار يىغلايدۇ، قاقشايدۇ ئەمما،
كىم يېتەر سىرىڭنىڭ ئەسلى تېگىگە؟!

## خۇشامەت سومكىسى

خۇشامەت سومكىسى يوقتۇر ـ
قولۇمدا ھېچ، قۇرۇق قولمەن.
ئىشىك ئالدىدا! كۆپ تۇردۇم،
كىرەلمەستىن ئېچىپ «يول» مەن.

نەزەرىدە ئۆزۈم چۈنكى،
«نادان، ئەخمەق، بىر ئىش ئۇقماس.
ئىشىك ئاچقان بىكار مۇتلەق،
بىكار، مىسقالچە نەپ يۇقماس».

بوسۇغاڭغا كېلىپ قايتار،
كۆتۈرمەي سومكا، كەلگەنلەر.
بىرىپ قوياي ساڭا شەپە،
نەپسىڭنى يىغ، قىل ھەزەر.

## ئىككىنچى قېتىمدا!

سۆيۈپ قالدىم يەنە نېمىشقا،
كەچمىشلەرنى سېلىپ ئېسىمگە.
قايتىپ كەلدى نەلەردە يۈرگەن،
شۇ ئىزدىغان سۆيگۈ يېنىمگە.

سۆيۈپ قالدىم يەنە نېمىشقا،
ئويغاتتىڭمۇ مۇڭدەك ھېسلارنى.

چېچەكلەرمۇ يەنە دەرد ـ ئەلەم،
ئېپ كېلەرمۇ باش قېتىشلارنى.

سۆيۈپ قالدىم يەنە نېمىشقا،
ئەقىدەمنى قىچقىرىپ تۈندە.
قايتىلىنىش ئەمەسكەنغۇ يات،
(تۇنجى قېتىم) ئەسلىنەر كۈندە.

# ئۆلۈپ تىرىلگەن ئادەم

(پوۋېست)

ئابلەھەت قادىرى



(بېشى ئالدىنقىساندا)

1967 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى.

ئەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن ئەتىيازقۇياشى تۇمانلىق ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكىدە بەئەينى مۇئەللەقتە ساڭگىلاپ تۇرغان ئاق پانۇستەك خىرە پىلىلدايتتى. مەكتەپ ئىچى گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەن. پەقەت، ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىنىڭ يان تەرىپىدىكى زال ئىچىدە ئەتىگەنلىك تاماق يەۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۆمۈر داس ۋە تاماق قاچىلىرىدىكى ئۇماچ يۇقىنى قوشۇق بىلەن قىرغان ئاۋازلا بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. بىنا تاملىرىدا ساڭگىلاپ قالغان، دەرەخ شاخلىرىغا ئىلىنىپ قالغان «چوڭ خەتلىك گېزىت»لەر ئەتىيازنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدا جەڭگاھتىكى ئىگىسىز بايراقتەك توختىماي لەپىلدەيتتى. مەكتەپ ئىچى بەئەينى قارا بوران ۋەيران قىلىپ ئۆتكەن ئەسكى كەپىدەك كۆڭۈلسىز ۋە مۇڭلۇق تۈس

ئالغانىدى. تۇساتتىن مەكتەپ دەر-
ۋازىسى ئەنسىز غىچىرلاپ كەتتى. ئار-
قىدىنلا بېشىغا سوۋۇارى ئاق سالۋاتەل-
پەك، ئۇچىسىغا تاشلانمىغان جوۋا كىيىپ
ئۇزۇن ساپلىق نەيزە كۆتۈرۈشىۋالغان
قىرىق - ئەللىك ئاتلىق مەكتەپ ئىچى-
گە باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار خۇددى ئاتا-
كىغا ئۆتكەن ئاتلىق قوشۇندەك ھەيۋە
بىلەن ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ئات چاپ-
تۇرۇپ، بىر پەستىلا مەكتەپ ئىچىنى
قىيامەت قايىم بولۇپ دەججال قوپقان-
دەك ساراسىم ئىچىگە غەرق قىلىۋەتتى.
ئەتراپنى ئېزىپ قالغان بىچارە يولۇ-
چىنىڭ ئېچىنىشلىق نالە-پەريادىغا
ئوخشاپكېتىدىغان قىيا-چىيا قاپلىدى.
قىزلار ياتىقى تەرەپتىن كىمدۇ بىرى-
نىڭ «ئانا!...» دەپ ئۈنلۈك چىرقىرى-
غان ئاۋازى، ئارقىدىنلا ئاشخانا تە-
رەپتىن تۆمۈر داس، قاچا-قۇچىلارنىڭ
ئۈرۈلگەن، چېقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى...

«نېمە ئىش بولدىكىنە؟...» كۆڭلۈم
بىر بالا-قازانى تۇيغاندەك تىنىقىم
پەسلەپ، يۈرىكىم ئەنسىز دۈكۈلدەپ
كەتتى. قولۇمدىكى يېرىم قاچا ئۇماچ-
نى يەردە قويۇپلا گېزىت بىلەن يەملە-
ۋېتىلگەن دېرىزە كۆزنىكىدىن سىرتقا
قاراپ باقاي دەپ تۇراتتىم، ئىشىك
تەرەپتىن باستىنىڭ خىرقىرىغان ئاۋا-
زى ئاڭلاندى:

— ئاڭلاپ تۇرۇش! «شەنفىڭدۈي»
(ئاۋانگارت ئەترەت—دېھقانلاردىن تەش-
كىللەنگەن ئاتلىق قوشۇن) ھەرقايسىڭ-
نى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىپ، رېجىم
ئاستىدا ئۆزگەرتمەكچى، شۇنى دەپ قو-
ياي...ياۋاش بولۇش! غىڭ-پىڭ قىلىش-
ساڭ، ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن!...
قېنى، ئارقامدىن مېڭىش!...

باستىنىڭ ئۇنى ئۈچە-ئۈچمەي، ئۇ
باشلاپ كەلگەن «قىزىل قوغدىغۇچى»لار
قوتاندىن قوي ھەيدىگەندەك ئوڭ-سو-
لىمىزنى تاپقىلى قويماي كارىدورغا
ھەيدەپ چىقتى-دە، سەپكە تىزىپ ئىككى
يېنىمىزدىن يالاپ ئېلىپ ماڭدى. ئوقۇ-
تۇش بىناسىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپلا
كۆز ئالدىمدىكى «كارامەت»نى سەپ-
راس تىزىلىپ، قولىدىكى ئۇزۇن نەي-
زىنى ھېلى سانجىۋېتىدىغاندەك ئەلپاز-
دا گىدىيىپ تۇرۇشقان ئاق سالۋا تەل-
پەكلىك ئاتلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇھا-
سىرىسىدە جۇدۇن سوققان ياپراقتەك تىت-
رەپ، قورقۇمسىراپ تۇرغان تونۇش چى-
رايلار، جىيەكلىرىدە ياش لىغىرلاپ
تۇرغان سەبىي كۆزلەر، ئاق ئارىلىغان
شالاڭ چاچلار...نى كۆرۈپ، بايا كۆڭلۈم
تۇيغان بالا-قازانىڭ بىرىنچىۋالا دەھ-
شەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيلا قال-
دىم. «ياپىرىم، بۇ نېمە گەپ ئەمدى...
ئاتلىق قوشۇن... ئۇزۇن ساپلىق نەي-
زە...زامانە ئاخىر بولۇۋاتامدۇ نېمە؟...»
نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىمكىن، كاللام-
غا نېمە كىرىپ، نېمە چىقىۋاتقىنىنى
ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. شۇ تاپتا، خۇددى
قاباھەتلىك چۈشتەك تۇيۇقسىز يۈز بەر-
گەن بۇ ئالامەتلەرگە قاراپ، قايسىبىر
جەڭنامە - قىسسىدىكى ئاتلىق سەركەر-
دىلەرنىڭ قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كەل-
دى. نېمە ئۈچۈنكىن، ئاشۇ ئاتلىق سەر-
كەردىلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دەل مېنىڭ
كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇشىغا ھېچ قى-
لىپ ئىشەنگۈم كەلمەيتتى، ئەمما بۇ
ئىشەنمىسە بولمايدىغان رەھىمسىز رې-
ئاللىق ئىدى. شۇ ئەسنادا باستىنىڭ
قولىنى شىلتىپ ماڭا قاراپ بىر نېمە
دەۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدۇم-دە،
دەرھال ئېسىمگە كەلدىم.

— مەن مەكتەپىمىزدىكى بارلىق پرو-
لېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىغا ۋەكالەتەن
كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئورتا دېھقان
سەپداشلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى
قەتئىي قوللايمەن! بىز سىلەر بىلەن
ئىتتىپاقلىقتا، كۆرەشتە، غەلىبىدە مەڭ-
گۈ بىللە بولىمىز!...

— باسمىت چىڭقىلىپ سۆزلەۋاتقاندا!
ئۇنىڭ كەينىدە جەڭگىۋار ھالەتتە تى-
زىلىپ تۇرغان «قىزىل قوغدىغۇچى»لار
مۇشتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئارقا-ئار-
قىدىن شوئار توۋلاپ ئۇنىڭ سۆزىنى
ئۈزۈپ قويدى. خۇددى داش قازاندا قو-
ماچ قورۇلغاندەك بىر پەس شوئار توۋ-
لاشلاردىن كېيىن، باسمىت كۆرەڭلىگەن
ھالدا سول دولىسىدىن ئوك بېقىنىغا
چۇشۇرۇپ قىزىل بەلگە ئېسىپ قارا
قاشقىلىق ئاق ئات ئۈستىدە گىدىيىپ
ئولتۇرغان شاپ بۇرۇتنىڭ ئالدىغا كەل-
دى-دە، پەس ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى
دېيىشكەندىن كېيىن، ئاتلىق قوشۇنىنىڭ
دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشكە تاپشۇرىدىغان-
لارنىڭ ئىسمى يېزىلغان بىر ۋاراق قە-
غەزنى ئۇنىڭغا سۇندى. شاپ بۇرۇت
ئىسىملىككە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن
كېيىن ھەرە غوڭۇلدىغاندەك بوم ئاۋازدا
كېكەچلەپ ئوقۇشقا باشلىدى:

— ئى...ئى...يا...ز!

كىمدۇ بىرى گەجگەمدىن قامالاپ ئال-
دىمغا بىر ئىتتىرىۋىدى، ئۆزۈمنى توخ-
تىتالماي سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئاتنىڭ ئا-
يىغىغا گۈپپىدە يىقىلدىم. ئارقىدىن يە-
نە بىر قانچە يىلەنىنىڭ ئىسمى ئوقۇلدى.
ئەمما ئۇلار مەندىن ساۋاق ئالدىمۇ
ياكى قۇلاقلىرىنى دىك تۇتۇپ ئاڭلىغان-
مۇ، ئىشقىلىپ ئۆز ئىسمىنىڭ باش ھەر-
پىنى ئاڭلاپ بولغىچە «ئۆز ئىختىيارى»
بىلەن تېزلا يېنىمغا ھازىر بولۇشتى.
شۇنداق قىلىپ يەتتىمىز ئاتلىق قوشۇن-
نىڭ ئۆلجىسىگە ئايلاندۇق. ئۇلار بىزنى
ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ ماڭغاندا با-
سىتنىڭ باشلامچىلىقىدا «قىزىل قوغدى-
غۇچى»لار مەكتەپ ئىچىنى زىلزىلىگە
سېلىپ ئۈنلۈك شوئار توۋلاپ«ئۇزىتىپ»
قويدى. يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئاتلىق-
لارنىڭ ئارىسىدىن سۇدىيەخانىم ۋە يەنە
بىر قانچە قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىنى تو-
تالماي ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئې-
نىق كۆردۈم. يەنە ئالىكمەلەرنىڭ ئۇ-
سىز ئىدا قىلىپ نېمىلەرنىدۇ پىچىرلا-
ۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. ئات-
لىقلار مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپلا
چوڭ يولدا ئىككىدىن رەتكە تىزىلدى،
ئاندىن ھېلىقى قاراقاشقىلىق ئاق ئات
مىنگەن شاپ بۇرۇت(كېيىن بىلسەم، ئات-
لىق قوشۇنىنىڭ كاتتىبېشى ئىكەن) يان-
غا چىقىپ ئۇلارغا يولدا قانداق مېڭىش،
تەرتىپنى قانداق ساقلاش ھەققىدە قىس-
قىلا سۆز قىلغاندىن كېيىن مېڭىشقا بۇي-
رۇق بەردى. مەن مەكتەپ تەرەپكە — ئون
نەچچە يىللىق ئۆمرۈم مەنىلىك ھەم
كۆڭۈللۈك ئۆتكەن، ئەمما يەنە ئانام-
دىن تۇغۇلۇپ كۆرۈپ باقمىغان خورلۇق-
ئازابلارغا دۇچار بولغان شۇ سۆيۈملۈك
ماكانغا ئاخىرقى قېتىم تويىماي قارى-
دىم. قەلبىمدە ئاچچىق ۋە تاتلىق ئارى-
لىشىپ كەتكەن بىر خىل ئەنجەش ئەس-
لىمە خۇددى كۆكتىن ساقىغان يۇلتۇزدەك
پاللىدە چاقناپ شۇ ھامان ئۆچتى. ئەت-
راپىمنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، كۆز چى-
يەكلىرىم ئېچىشىپ كەتتى. يىغلىۋېتى-
دىغاندەكلا قىلاتتىم. نېمىگە يىغلاي-
مەن؟ ناھەق ئازابچەككىنىمگىمۇ، ياكى
مېنى كۈتۈپ تۇرغان تېخىمۇ ئېغىر قىس-

مەتلەر ئۇچۇنمۇ؟ شۇ تاپتا كاللامدا مەن
ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان-
كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ،
كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ.
دېگەن ئىككى مىسرا شېئىردىن باشقا
ھېچنېمە يوق ئىدى. راستىنى ئېيتسام،
مەكتەپتىن ئايرىلغىنىمغا قايغۇرسام،
باستىنىڭ تۈگىمەس سوئال - سوراق،
غەرەزلىك خورلاشلىرىدىن قۇتۇلغىنىمغا
خۇش ئىدىم. شۇڭا غەيرىتىمنى يىغىپ،
«يەنە نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن؟» دې-
گەننى ئويلىماسلىققا تىرىشاتتىم. كەي-
نىمىزدىن ئاتلىقلار توپا - چاڭ كۆتۈ-
رۈپ ھەيۋە بىلەن ئىز بېسىپ كەلمەكتە.
بىز بولساق، خۇددى جازا مەيدانىغا كې-
تىۋاتقان بىچارە مەھبۇستەك، بىر-بى-
رىمىز بىلەن ئاللىقانداق مەنىلەردە كۆز
ئىشارىتى قىلىپ ئۈن-تىنسىز ھالدا سو-
كۇلداپ كېتىۋاتىمىز، قەدەمنى سەللا كىچ-
چىك ئالساق، ئورۇقلىقىدىن قوۋۇرغىلى-
رى كۆرۈنۈپ قالغىنىغا قارىماي ئېزى-
لەڭگۈلۈك بىلەن ئېغىر چامداپ كېلى-
ۋاتقان ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا
قېلىشىمىز مۇمكىن ئىدى. چوڭ يولنىڭ
ئىككى قاسنىقىدا بۇ ئاجايىپ كۆرۈنۈش-
تىن ھاڭ - تاڭ قېلىشقان كىشىلەر بىر-
بىرى بىلەن كۇسۇرلىشاتتى، بىزنى كۆر-
سىتىپ ياقىلىرىنى چىشلىشەتتى. شەھەر
دوقمۇشىدىن قايرىلىدىغان چاغدا بىر-
سىنىڭ «نىياز مۇئەللىم!» دەپ يىغا ئا-
رىلاش توۋلىغىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. شاپ-
پىدە بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇن قەدەمچە
نېرىدىكى مۇنار رېشاتكىسىنىڭ ئۇستى-
دە ماڭا قاراپ قول پۇلاڭلىتىۋاتقان بىر
قانچە تونۇش چىرايىنى ئېنىق كۆردۇم.
ئۇلار مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم ئىدى. ئۇ-
لارنىڭ ئارىسىدىن مەريەم ئاتلىق بىر-

سى رېشاتكىدىن سەكرەپ چۈشكەن پېتى
ئالدىمغا ئوقتەك يۈگرەپ كەلدى ۋە قو-
لىدىكى بوپىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى.
— ئېلىڭ، نىياز مۇئەللىم... دوختۇر-
خانىغا ئاپامنى يوقلاپ كېتىۋېتىپسىز-
نى يېزىغا ئېلىپ كېتىدىكەن دەپ ئاڭ-
لىدىم، شۇڭا ساۋاقداشلىرىم بىلەن بۇ
يەردە ساقلاپ ...
ئۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ شۇنى ئا-
ران دېيەلىدى - دە، ئىككى قولى بىلەن
يۈزىنى تۇتقىنىچە كېتىپ قالدى. ئا-
تلىقلار مېڭىشتىن توختىدى. شاپ بۇرۇت
ئاتتىن چۈشۈپ قولۇمدىكى بوپىنى ئې-
چىۋىدى، بۇرنۇمغا قىزىماق بىلەن تۇخۇم
پوشكىلىنىڭ مەززىلىك ھىدى گۈپپىدە
ئۇرۇلدى.

× ×

«ئاتلىق قوشۇن» بىزنى كۈتۈپ ئول-
تۇرغان مەزگىلدە «خوجيەن» گۇڭشېنىڭ
قوچاققا پاتمايدىغان يوغان بەش تۈپ
تېرىكى بار چوڭ قورۇسىغا ئېلىپ كەل-
دى. يولدا گاھ سوكۇلداپ، گاھ يۈگ-
رەپ مېڭىپ بەك تالجىقىپ كەتكەچكە
قوش قاناتلىق تۆمۈر دەرۋازىدىن كىر-
رىپلا ئۆزىمىزنى يەرگە تاشلىغان پېتى
مىدىر - سىدىر قىلالماي قالدۇق. يولدا
مۆمىنجان بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ ئور-
نىدىن تۇرۇپ بولغىچە شاپ بۇرۇتنىڭ
ئېتى ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ ئاتلاپ ئۆت-
تۈپ كەتتى. ئات دېگەنمۇ شۇنداق ھوش-
يار، ئەقىللىق بولىدىكەن، بولمىسا
ئۇنىڭ ئۇزۇنتۇرا، ئورۇق بەدىنى نا-
ھاللىق تۇياقلار ئاستىدا مىجىلىپ
كەتكەن بولاتتى. شۈكرى، ئۇنىڭ جېنى
ئامان قالدى. ئەمما، ھوشۇقى چىقىپ
كەتكەن چېغى، بىر پۇتىنى يەرگە با-
سالماي «ۋايجان» لىغىنى تۇردى. ئا-

خىرى نۆۋەتلىشىپ ھاپاش قىلىپ چىلىق-چىلىق تەرلەپ كەتتۇق. مانا ئەمدى ئەتىيازنىڭ كەچكى سوغۇقىدا ئاستا-ئاستا توڭلاپ بەزگەكتەك تىترەشكە باشلىدۇق. مۆمىنجان تېخىچە ئاجىز ئىڭراپ ئىككى قولى بىلەن ھوشۇقىنى سىيلىغىنىچە داق يەردە تولغىنىپ ياتاتتى. بىر ئازدىن كېيىن كەچلىك تامىقىمىز ئۈچۈن بىردىن قېتىپ كەتكەن زاغرا ۋە بىر چېلەك سۇ ئەكېلىپ بېرىشتى. مەن بوپىنى يېشىپ قۇيماق بىلەن پوشكالنى پارچىلاپ ھەمراھلىرىمغا بىر پارچىدىن سۇندۇم-دە، قالغىنىنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدىم. خېلىدىن بېرى بىرەر ۋاخ ئېغىزغا تېتىمىغۇدەك تاماق يېمىگەچكىمۇ ياكى بۇ تاماقتا ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ مېھرى سىڭگەنلىكتىنمۇ، ئەيتاۋۇر قۇيماق بىلەن پوشكال ماڭا شۇنداق تېتىپ كەتتى. ئاشۇ بىر ۋاخلىق تاماقنىڭ تەمى خېلىغىچە ئېغىزىمدىن كەتمىدى. كېچىنى گۇڭشېنىڭ بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان مەجلىسخانىسىدا سوغۇقتىن جاقىلداپ تىترەپ ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدۇق. ئەتىسى سەھەردە ئىسكەتىدىن خېلى چوڭ باشلىق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان غورا قاپاق، ھىڭگاي چىش، ئايپاڭباش بىرسى بىزنى ئۈچ ئەترەتكە تەقسىم قىلىپ بىر مۇنچە تەنبىھ-تەربىيە بەرگەندىن كېيىن ئاتلىق يالاپ ئاپىرىپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مۆمىنجان بىلەن ئىككىمىز 18-ئەترەتكە بۆلۈندۇق. مۆمىنجاننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يۇرتنىڭ ئايىغىدىكى ئەڭ نامرات ئەترەتمىش. يېرىم كۈندە ئاران يېتىپ بارالىغۇدەكمىز. شۇ تاپتا مۆمىنجاننىڭ ھوشۇقى پوزىدەك ئىشـشىپ، ئاغرىق ئازابىدىن قىسماقتەك تۈگۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. قانداقمۇ قىلارمىز؟ مەنغۇ ئاتنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ مېڭىۋېرەرمەن. مۆمىنجانچۇ؟ يامىنى كەلسە، تۈنۈگۈنكىدەك ھاپاش ئېتىپ ماڭارمەن شۇ... بېشىمىز قېتىپ تۇراتتۇق، شاپ بۇرۇت بىرسىنى ئەگەشتۈرۈپ گۇڭشېنىڭ بېغى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي بىر غالتەك زەمبىلنى غىچىرلىتىپ ئىتتىرىپ كەلدى ۋە مۆمىنجانغا قاراپ:

— زەمبىلگە چىقىۋال، سەن ئىتتىرىپ ماڭ! — دېدى مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

مۆمىنجاننى غالتەك زەمبىلگە ئولتۇرغۇزۇپ ئىككى ياندىكى تۇتقۇچقا بېكىتىلگەن ئارغامچىنى مۈرەمگە ئالدىم-دە، تۆت ئاتلىقنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ يولغا چىقتىم. ئويغۇل-دوڭغۇل توپىلاڭ يولدا غالتەك زەمبىلنى ئىنجىقلاپ، ھاسىراپ ئىتتىرىپ كېتىۋاتىمەن. غېرىبنىڭ يىغىسىدەك مۇڭلۇق غىچىرلاش، ئات تۇياقلىرىدىن ئۆرلىگەن چاڭ-توزانلار... سۈكۈتكە پاتقان بۇ قەدىمكى ئەمما، قويىنىڭ ئۈچىيىدەك تار ھەم ئۇزۇن توپىلاڭ يولنىڭ جىمجىت چۈشىنى بۇزۇۋەتكەندەك، يول ياقىسىدىكى يالىڭاچ دەرەخ شاخلىرىدا مۈگدەۋاتقان قۇشقاچلار «پۇر» قىلىپ ھەر تەرەپكە ئۇچۇشاتتى. خېلى ۋاقىتقىچە ئالدىمىزغا بىرەر ئىنس-جىنمۇ ئۇچرىمىدى. شۇ تەرىزدە ئالاھىزەل بىر سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن ئاتلىقلار بىزنى توختىتىپ دەم ئېلىشقا بۇيرىدى. ئۇلار بىزگە ئارتۇق گەپ-سۆز قىلمىغىنى بىلەن ئۇزايىدىن بىزگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. يولغا چىققاندىن

بىرى مېنىڭ مېڭىشىمغا قويۇپ بىرەر
ئېغىز «ھۆرت - پۆرت» دەپ باقمىدى.
ئارىدىن بىرسى تېخى ماڭا تاماكا ئو-
راپ تۇتاشتۇرۇپ بەردى. ئۇزۇن يىل-
لىق خۇمارىمنى باسماقچى بولغاندەك،
ئاچچىق تاماكىنى قېنىپ - قېنىپ شو-
رىدىم. «ئاھ، قۇدرەتلىك تەڭرىم، بەن-
دەڭنى گۆھەر كۆزىدىن ئايرىساڭمۇ ھا-
سىسىدىن ئايرىماپسەن. شەپقەتلىك ،
مېھرىبان بەندىلىرىڭ يەنىلا ئاز ئە-
مەسكەن...»

مەن شۇلارنى ئويلاپ، پۇت - قولۇم-
غا ماغدىر كىرگەندەك، ھاردۇقۇم چىق-
قاندەك يېنىكلەپ قالدىم.

× ×

بۈگۈن 18 - ئەترەت ئىشخانىسىنىڭ
مال ئېغىلىغا تۇتاش بىر ئېغىز ئۆيدە
يېتىپ - قوپۇۋاتقىنىمىزغا قىرىق كۈن
بولدى. بۈنى تۈنۈگۈن كەچ مۆمىنجان
مەن ئىشىك ياغىچىغا كۆمۈر بىلەن ھەر
كۈنى بىر قېتىم سىزىپ قويغان سىزىق-
لارنى ساناپ «ئەتە قىرىق نەزىرىمىز-
نى بەرسەك بولغۇدەك...» دەپ چاقچاق
قىلغاندا ئاندىن بىلدىم. دەرۋەقە، بىز
ھەممە يېرىدىن نامراتلىق تۆكۈلۈپ تۇ-
رىدىغان بۇ يۇرتتا قىرىق كېچە - كۈن-
دۈزنى خۇددى قانىتى بوغۇلغان قۇش
قەپەستىن قۇتۇلۇپ كەڭ سامادا پەرۋاز
قىلىشنى ھەر ۋاقىت ئارزۇ قىلغىنىدەك
ئەركىنلىككە ئىنتىلىش، ئادالەتكە تەل-
پۈنۈش ئىچىدە، بىز تەسەۋۋۇر قىلغان
ۋە باسىت قاتارلىقلار ئۈمىد قىلغاننىڭ
ئەكسىچە ھەر ھالدا يامان ئەمەس ئۆت-
كۈزدۇق. پات - پات كېلىپ تۇرىدىغان
«نازارەتچى» لەرنىڭ قاتتىق - قۇرۇق
گەپلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەترەت-
نىڭ ھەنىۋا ئەزالىرى — قېرىغاندىمۇ

قولىدىن كەتمەن، ئۆشنىسىدىن تاغار
ئۆكسىمەيدىغان بوۋاي - مومايلاردىن
تارتىپ، مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، ئېغى
ئوچۇق جۇل - جۇل تامبال كىيىپ يۈ-
رىدىغان باللارغىچە ھەممىسى بىزنى
خۇددى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆرۈپ قول-
دىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشتى. بولۇپمۇ،
شىرىپ ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئايالى ھەۋزىخان
ئاچىنىڭ قىلغانلىرىنى ئۆمۈرۋايەت
ئۇنتالمايمەن ...

بىزنى ئەكەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى
ئەتىگەندە مۆمىنجان ئىككىمىز قوناق
پاخلى ئۈستىگە سېلىنغان بورا ئۈستى-
دە پاراڭلىشىپ ياتاتتۇق، بىرسى ئى-
شىكنى ئاچتى - دە، «ئەسسالامۇ ئەلەي-
كۇم...» دەپ كىرىپ كەلدى. ئۆي ئىچى
قاراڭغۇ بولغاچقا كىرگۈچىنىڭ چىرا-
يىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم. «ئىشقا ھەي-
دەپ كەلگەن بولسا كېرەك» دەپ ئوي-
لاپ تۇراتتىم. ئاڭغىچە ھېلىقى ئادەم
تونۇشلۇق بەردى:

— بىمەھەل چاغدا كىرىپ بىسەرەم-
جان قىلدىممۇ، قانداق؟... ئاخشام بىز-
نىڭ ئوتتۇرانچى بالا «ئەترەتكە ئىككى
ئەپەندىمنى ئەكەپتۇ، ماخودا يېتىپ -
قوپىدىكەن» دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ كەپ-
تىكەن. ھەر قايسىلىرى بىلەن ئوتتەك
بىر كۆرۈشكۈم كەلدى. ھە، راست... مې-
نى نېمە ئادەمكىن، دەپ قېلىشمىسىلا...
مۇشۇ ئەترەتنىڭ ئېشەكلىرىنى باقىمەن،
ئېتىم شىرىپ ئاخۇن...

مەن گويا ئالدىمىزغا خىزىر كىرىپ
ياخشىلىقتىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك،
ھەم ھەيران ھەم خۇشال بولغان ھالدا
ئالمان - تالمان ئورنۇمدىن تۇردۇم-
دە، تالاغا چىقتىم. ئالدىمدا ئەللىك ياشلار-
نىڭ قارىسىنى ئالغان ، ئاندا - ساندا

ئاق ئارىلىغان ئۇزۇن ساقىلى ئېگىز، كەۋدىلىك بەستىگە شۇنداق ياراشقان، ئۈستى - ئۈستىلەپ ياماقسېلىنغان تونچە چاپان كىيىپ، بېلىگە سەرگەز پوتا باغلىغان بىر كىشى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ، مەن بىلەن ئۇزاق دىدارلىشالمىغان كونا تونۇشلاردەك قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئىسسىق چىراي، خۇش پېئىل مۇئامىلىسىدىن ۋۇجۇدۇمغا بىر ئىللىقلىق تاراپ، كۆڭلۈمدىكى ياتسىراش، غېرىبسىنىش تۇيغۇسى نەلەرگىدۇ يوقالدى - دە، ئۇنىڭ كەپلىرىگە قۇلاق سالغىنىمچە تۇرۇپ كېتىپتىمەن. شىرىپ ئاكا بېشىدىن تالاي ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن، بىلىشى كۆپ ئوقۇمۇشلۇق، سۆزمەن ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ قايماقتەك يېقىملىق گەپ - سۆزلىرى ئىختىيارسىز ھالدا مەرھۇم دادامنى ئېسىمگە سالدى... «مۇشۇنداق نامرات، ياقا يۇرتتىمۇ ئالتۇندەك ئادەملەر بار ئىكەن - ھە...» دەيتتىم ئىچىمدە ئۇنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن تەسىرلىنىپ. ئىككىنچى كۈنى سەھەردە شىرىپ ئاكا بىزنى يەنە يوقلاپ كەلدى:

— ماۋۇ ئەپەندىمنىڭ پۇتى قانداقراق؟- دېدى ئۇ مۆمىنجاننىڭ ئىششىپ كەتكەن پۇتىنى كۆرۈپ،- قارىغاندا ھوشۇقى چىقىپ كېتىپتۇ، قانچە ئاغرىغاندۇ - ھە... ئەپەندىملەرگە نېمە تارتقۇلۇق بۇ ئەمدى ...، - ئۇ سۆزلەۋېتىپ مۆمىنجاننىڭ ئاغرىق پۇتىنى ئاۋايلاپ ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ بىر - ئىككى سىلىكىدى. ئاندىن ئۆزى ئالغاچ كەلگەن بىر توخۇمنىڭ ئېقىغا ئازراق ئاق تۇز سېپىپ «شورپاختا» تەييارلاپ لاتا بىلەن تېڭىپ قويدى. شىرىپ ئاكىنىڭ قولى راستىنلا ئۇدۇملۇق ئوخشايدۇ، ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەي مۆمىنجاننىڭ پۇتى سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. بىر كۈنلۈك ئەمگەك ھەققىگە بىر توخۇم كەلمەيدىغان ئاشۇ كۈنلەردە بىچارە ئەزالار ئۈنۈمسىز يەرلەرگە ئايىماي تەر تۆكۈپ كۈندۈزى ئېتىزدا كەتمەن، تاغار بىلەن، ئاخشىمى ئېغىر ياتقۇغىچە ئەترەت ھويلىسىغا يىغىلىپ «بەش خىل ئۇنسۇر» لاردىن «ھېساب ئېلىش» ياكى بولمىسا ئەترەت بوغالتىرىنىڭ قايسىبىر ھۆججەتنى ئوقۇپ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلاش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئەتىسى يەنە باش توخۇ چىللىماستا ئەترەت باشلىقىنىڭ تۆمۈر كانايدا «ئەڭ ئالىي يوليورۇق» نى توۋلاپ ئوقۇپ ئويغىتىشى بىلەن «دولقۇن» غا ھازىر بولۇشاتتى. بىزنىڭ «رېجىم» ئاستىدىكى كۈنلىرىمىز ئەنە شۇنداق تولىمۇ ئالدىراش، ئەمما تۈگمەن تېشىدەك بىر ئىزدا چۆگىلەۋېرىدىغان ئۆزگىچە ھايات رىتىمى ئىچىدە باشلاندى. بۇ يەرلىك ئادەملەر ساددا، ياۋاش، نامرات بولغىنى بىلەن كۆڭۈل-كۆكسى ئاجايىپ كەڭ، سەۋر - تاقەتلىك، مېھماندوست ھەم تولىمۇ چىقىشقاق ئىكەن. ھەش - پەش دېگۈچە ئەترەت كادىرلىرى ۋە ئەزالار بىلەن تونۇشۇپ خۇددى بىر ئائىلەكىشىلىرىدەك چىقىشىپ كەتتۇق. ئۇلار بىزنى «ئىشتا خام، چىدىمايدۇ...» دەپ يېنىك ئىشلارغا — مېنى مال باققۇچىلارغا ياردەملىشىشكە، مۆمىنجاننى ئاياللارنىڭ يۆدۈپ كەلگەن قىغلىرىنى ئېتىز ئۈستىدە جىڭلاپ خاتىرىلەشكە بەلگىلەپ قويدى. ھېچكىم بىزنى يات كۆرمەيتتى. ھېلىبىرسى بىر سىقىمجىگدە تەگلىسە، يەنە

بىرلىرى «ئاشقا سېلىپ ئىچەرسىلەر...» دەپ بىر ئېتەك چامغۇر ئەكېلىپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئەتراپتىن بېرىدىغان نورما ئاشنى يەتكۈزەلمەي غورىگىل ئۆتتۈۋاتىمىز، نېمىشقىدۇر بىزدىن ھېچنەرسىنى ئايىمايتتى. بولۇپمۇ شىرىپ ئاكا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىشىكتىن «ئەسسالام» دەپ كىرەتتى-دە، قويندىن پىياز تۇغراپ، زىرە سالغان مەززىلىك قوناق كۆمىچىنى ئالدىمىزغا قويۇپ:

— قېنى، ئىسسىقىدا يەۋېلىڭلار... «نامراتنىڭ كۆمىچى چىشقا دورا»، — دەپ كۈلۈپ قويۇپلا چىقىپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئىشلىگىنىمگە بەك خۇشال ئىدىم. ئەمما، ئۇ سامان تاسقاش، پىچان تۇغراش... دېگەندەك ئېغىرراق ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ماڭا قىلغۇزمايتتى. «ئۆزۈم يېتىشەلەيمەن» دەيتتى ئۇ ھەمىشە مېنى دەم ئېلىشقا دەۋەت قىلىپ. قولىمىز ئىشتىن سەل بوشىغاندا بىرەر دالدىنى تاپاتتۇق-دە، ئايىغى تۈگىمەيدىغان پاراڭلىرىمىزنى قىلىشاتتۇق. ئۇنىڭ دىنىي ئىلىم، تارىخ، تىبابەت، ئېقىم مەسىلىلىرى... توغرىسىدا ئېيتقان قىزىقارلىق پاراڭلىرىنى ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇم كېلەتتى.

— جاھاننىڭ كارى شۇ، — دەيتتى ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — كۆنمەي ئامال يوق، پاختەكنىڭ دۇم ئۇچىدىغان چاغلىرىمۇ بولۇپ قالار، ئىنشائاللا...

بىر كۈنى پاراڭ ئارىلىقىدا ئۇنىڭغا بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم، ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئۇزاققىچە جىم بولۇپ كەتتى. چىرايىدىن ماڭا چوڭقۇر ئىچ ئاغرىتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ئۇ بىر ھازا ئۆتكەندە پاراڭنىڭ تېمىسىنى ئۆزى ئۈستىگە يۆتكەپ، — ھەممە جايدا قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، مانا كۆرۈپ تۇرۇپلا ئەپەندىم، بىز دېھقان خەقنىڭ ھالى تېخىمۇ بەتتەر... ئۆزۈمنى ئېيتسام ئىككى ئوغۇل بىر قىز — ئۈچ بالام بار، ھەممىسىنىڭ قولى ئىشقا تېگىكلىك، نۇر ئەخمەت بالام ئىككى كۈنلۈك نېرىدىكى بوز يەردە ئۆي — ئوچاقلىق بولغىنى سەككىز يىل بولدى. ئوتتۇرانچىسى — سەيدەخمەت بىلەن قىزىم ئايىمنىساخان يېنىمدا، ئەمما لېكىن، شۇ بالىلارنىڭ ئۆمرى ئېتىز بىلەن فاڭخۇڭ (سۇ قۇرۇلۇش ئەمگىكىنى دېمەكچى) ئارىلىقىدا ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ. بىر ئائىلىدىن غاتاڭدەك تۆت جان ئىشلەپ تۇرۇپمۇ يىل ئاخىرىدا داۋامەت تەگمەكتە يوق، گەدەنگىچە قەرزدە قېلىۋاتقان... نېمىسىنى دەيلا، ھارامدىن يا بىر مۈشۈك، ھالالدىن يا بىر ئوغلىقىمىز يوق... كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا ئىككى بالىنى تويلاپ، پەرزىمنى ئادا قىلىدىغان گەپتى، قولۇم قىسقا، ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوق...

شىرىپ ئاكا مۈگدىنىپ ئولتۇرۇپ ئىچ-باغرىنى تۆكۈۋاتقاندا ئايالى ھەۋزىخان ئۈستى يېپىلغان يوغان ئاياقنى ئاۋايلاپ كۆتۈرگىنىچە يېنىمىزغا كىرىپ كەلدى:

— شۇ چاغقا ئۆيگە بارمىدىلا، ھەقچان ئەپەندىم بىلەن ئولتۇرۇپ قالدى دېۋىدىم، دېگەن يېرىمدىن چىقتى، — دېدى ئۇ چامغۇر تۇغراپ پىننە سالغان بىر ئاياق ئۇگرە ئاشنى ئالدىمىزغا

قويۇپ، ئاندىن ئىككى تال ياغاچ قوشۇقنى ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا سۈرتۈۋېتىپ ئاياقنىڭ گىرۋىكىگە قويدى - دە، تونۇگۇن ئېلىپ كەتكەن كېيىملىرىمىنى يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ياتقىمىغا ئەكىرىپ قويغانلىقىنى ئەسكەرتىپ «ئىشقا باراتتىم» دەپلا ئالدىراش كېتىپ قالدى.

× ×

بىزنىڭ «رېجىم» ئاستىدىكى كۈنلىرىمىز ئۇزاققا بارمىدى. ئەترەتكە كەلگىنىمىزگە قىرىق بىر كۈن بولغاندا باسمىت بىزنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن ئىككى ئادەم ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل سۈزۈلۈشكە باشلىغان كۆڭۈل ئاسمىنىمىزنى يەنە تۇمان باستى. بىزنىڭ مەڭگۈ مۇشۇ يۇرتتا، ساددا، مېھرىبان ئادەملەر ئارىسىدا قالغىمىز بار ئىدى، لېكىن، ئامال قانچە؟ ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا بىزگە تۇز بېرىپ، بېشىمىزنى سىيىلىغان بۇ سۆيۈملۈك كىشىلەر بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتۇق. شىرىپ ئاكا بىلەن ھەۋزىخان ئاچا ئۈزۈم، ياڭاق، پىشۇرۇلغان تۇخۇم يوللۇق تۇتۇپ خېلى يەرگىچە بىزنى ئۇزىتىپ كەلدى...

8

1967 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى.

قاش قارايغان چاغ. گۆردەك قاراڭغۇ ئۆينىڭ لاي - سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن ۋەدىك تېمىغا يۆلەنگىنىمچە، تام بىلەن توروس ئارىلىقىدىكى ئالىقانچىلىك تۆشۈكتىن كۆزۈمنى ئۈزمەي زاۋال ۋاقتىدىكى تۇمانلىق ئاسماندا ئۆچەي دەپ قالغان شامدەك خىرە پىلىلداپ تۇرغان تەنھا يۇلتۇزغا قاراپ ئولتۇرىمەن. شۇ تاپتا بىپايان ئاسمان تارىيىپ - كىچىكلەپ ئاشۇ تۆشۈكتىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان كىچىككىنە گىرىمسەن بوشلۇققا ئايلىنىپ قېلىۋاتقاندەك، سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار قايياققىدۇر غايىب بولۇپ، پەقەت ئاشۇ بىرلا يۇلتۇز ماڭا ھەمراھ بولۇپ سۈس جىمىرلاۋاتقاندەك، ناۋادا كۆزۈمنى يۇمسام ئۇمۇ دەرھال غايىب بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئىختىيارسىز قولۇمنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا سەل - پەل ئىنتىلىۋىدىم، پۈتۈن بەدىنىم يىڭنە سانجىغاندەك زىڭىلداپ كەتتى...

قايسىبىر يىلى مەكتەپنىڭ تۇخۇ فېرمىسى قىلىنغان، ھازىر باستىنىڭ «سولاقخانا» سىغا ئايلانغان بۇ قاراڭغۇ ئۆيگە سولانغىنىمغا خېلى كۈنلەر بولغانىدى. تۆت ئاي... بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق بولغاندۇ. ئىنسان ئۈچۈن ئەركىنلىكتىن مەھرۇم ھالدا تىل - ھاقارەت ۋە خورلۇق ئىچىدە ياشاشتىنمۇ ئارتۇق بەختسىزلىك بولمىسا كېرەك. بەئەينى يولىيوس فۇچىكنىڭ «ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنغان «7 - نومۇرلۇق كامېر» غا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ قاراڭغۇ ئۆينىڭ ئاشۇ ئالىقانچىلىك تۆشۈكىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن سۈس يورۇقلۇق تاشقى دۇنيانىڭ ھېلىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىشىكنىڭ سىرتىدا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدىم. ئاندا - ساندا ئاڭلىنىپ قالىدىغان ئوق ئاۋازى، خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك توختىماي ياڭراپ تۇرىدىغان يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدىن ئاڭلىنىۋاتقان «قەلەم كۈرىشى»، «ئەلەم كۈرىشى»، «قە-

لەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ئەلەم بىلەن
قوغدىنىش»... دېگەندەك مەن ھېچقاچان
ئاڭلاپ باقمىغان يېڭى سۆز ـ ئىبارە ـ
لەرگە قاراپ قانداقتۇر بىر «كەسكىن
قوراللىق ئېلىشىش» نىڭ باشلانغانلى ـ
قىنى قىياس قىلاتتىم. كۆن ئارىلاپ يې ـ
رىم كېچىلەردە چاپارمەنلىرىنى ئەگەش ـ
تۈرۈپ مېنى «سوراق» قىلىش ئۈچۈن
ھەيۋە بىلەن كىرىپ كېلىدىغان باستى ـ
نىڭ كۆندىن ـ كۆنگە ئۆزگىرىپ ياما ـ
نلىشىپ كېتىۋاتقان ئەلپازى، بولۇپمۇ
ئۇنىڭ سول يېنىغا ئېسىۋالغان كۆن
قاپلىق تاپانچىسى قىياسىمنىڭ توغ ـ
رىلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ باستۇە
يەنە تۆت قوراللىق ئادەم ئۆي ئىچىدە
پەيدا بولدى:

ـــ نىياز! ئويلاندىڭمۇ؟ ـ دېدى با ـ
ستى پەنەر چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا
ماڭا بىر پەس ئالىيىپ قاراپ تۇرغان ـ
دىن كېيىن، ـ قېنى، ئويلاپ يەتكەنلى ـ
رىڭنى سۆزلە!

مەن ئۈندىمىدىم. ھەرقېتىملىق «سو ـ
راق» مۇشۇ تەرىزدە باشلىنىپ بىرھار ـ
غىچە مۇشتلاپ ـ تېپىش بىلەن ئاخىر ـ
لىشاتتى. ئاچ بېقىنىمغا بازغاندەك تې ـ
گىۋاتقان مۇشتلار، كىگىز پىشۇرغان ـ
دەك دومىلىتىپ تېپىشلەر... كۆز ئال ـ
دىمغا كەلدى. شۇ تاپتا قايسى كۈنى
كەچكەمگە تاقاشتۇرۇپ باغلاپ تەتۈر
ئاسقاندا چىقىپ كەتكەن ئوڭ قولۇمى ـ
نىڭ جەينەك بوغۇمى ھەرە چاققاندەك
لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇراتتى. ئىككى پۇ ـ
تۇم ھېچنەمىنى سەزمەيتتى. كەينى ـ
كەينىدىن ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان جىسما ـ
نىي ۋە روھىي زەربە تۈپەيلى تېنىم
ئاچىرلاپ، باستىنىڭ سوئال ـ سوراق ـ
لىرىغا جاۋاب بەرگۈدەك ماجالىم قال ـ
مىغانىدى.

ـــ مىت قىلمايسەنغۇ، چاھىللىق قى ـ
لىپ قۇتۇلىمەن دەپ خىيال قىلما، بى ـ
لىپ قوي! كونا ھېسابات تۈگىمەي تۇ ـ
رۇپ يېڭى پاكىت قولۇمغا چۈشتى... بۇ ـ
نىغۇ تونۇيدىغانسەن! ـ باستى يېنىدىن
بىر خاتىرىنى ئېلىپ غەزەپ بىلەن ئال ـ
دىمغا دېۋەيلەپ كەلدى، ـ ماۋۇ كۆك
تاشلىق خاتىرىنى دەۋاتىمەن!...

پەنەر چىراغنىڭ گۆڭگا يورۇقىدا
كۆزۈمنى يوغان ئېچىپ باستىنىڭ قو ـ
لىغا قارىدىم. ئاھ، كۆك تاشلىق خاتى ـ
رە!... يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى.
ئۇنىڭ قولىدا مېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك
نەرسەم ـــ ئۆزۈن كېچىلەرنى كىرپىك
قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇپ، يۈرەك قېنىمنى
سەرپ قىلىپ يازغان شېئىر ـ نەسىرلى ـ
رىم كۆچۈرۈلگەن خاتىرە تۇراتتى. مەن
ئۇنى ھاياتىمنىڭ بىر قىسمى دەپ قا ـ
راپ يېنىمدىن ئايرىماي ساقلاپ كەل ـ
گەن، «مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئىنقى ـ
لاب» باشلانغاندىن كېيىن باستى قا ـ
تارلىقلارنىڭ تۇخۇمىدىن تۈك ئۈندۈ ـ
رۈشىدىن ئەنسىرەپ، ئالدىنقى يىلى
مىجىت مېنى يوقلاپ كەلگەندە ھېچكىم ـ
گە كۆرسەتمەي ئوبدان ساقلاشنى تاپى ـ
لاپ ئۇنىڭغا بەرگەنىدىم. مانا، مەن
ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەرگە ـ
نىدى. ھەي مىجىت... نېمە دەپ باستى ـ
نىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالغان ـ
سەن؟ قارىغاندا، بۇ ئالۋاستىنىڭ زە ـ
ھەرلىك چاڭگىلىدىن سەنمۇ ئامان قال ـ
ماپسەن ـ دە...!

ـــ دېمىك ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتىمۇ
نىياز ... ئىقرار قىلامسەن ـ يوق، بۇ ـ
نىڭ كارايىتى چاغلىق، پولاتتەك پا ـ

كىنت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا سىپى ئۆزىدىن ئەكسىلئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتىپ ئاشىدۇ. يەنە تېخى پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىدىن تەتۈر ھېساب ئېلىشقا ئۇرۇنغان بىر پارچە «قارا خەت»مۇ بار...، ـ باستىخا تىرىنىڭ ئارىسىدىن قاتلانغان خەتنى يۇلۇپلا ئالدى ـ دە، ئىجىجىقلانغان پېتى قەھرى بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ ياقامنى بوغدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاپتاپقا سالغان قوغۇن قېقىدەك رەڭسىز يۈزى تېخىمۇ تاتىرىپ، ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغان چېقىر كۆزلىرىگە قان تولغانىدى. «چاڭ! ... چاڭ!» ئۇڭ، سول ئېڭەكلىرىمگە ئىككى كاچات، ئاندىن قولاق تۈۋىمگە ئەجەللىك مۇشتىنىڭ بىرسى تەگدى. كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ ئۆي ئىچى پىرقىراۋاتقاندەك، ۋەدىك تاملار قاراسلاپ سىلكىنىۋاتقاندەك مەلۇم بولدى.

— گەپ قىل دەيمەن!... ئۆلگۈچە تۆۋە قىلمايدىغان گرانىت كاللاڭنى خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ كەتمەكچىمۇ سەن! ... راستىڭنى ئېيتە، بۇ «قارا خەت»نى كىمگە يازدىڭ؟

— مەركەزگە...!

پۈتۈن غەزىپىمنى كۆزۈمگە يىغىپ باستىقا تىكىلدىم.

— غەرىزىڭ نېمە؟!

— رەزىل قىلمىشلىرىڭنى يۇقىرىغا ئىنكاس قىلىش...

«چاڭ!...» يەنە بىر كاچات تەگدى. ئەمما بۇ قېتىم ئېڭەكلىرىمگە ئەمەس ئېغىز ـ بۇرنۇمغا شۇنداق قاتتىق تەگدىكى، قات ـ قات گەز باغلىغان لەۋلىرىم شۇ ھامان ناركوز ئوكۇلى ئۇرۇلغاندەك سېزىمىنى يوقىتىپ بۇرنۇمدىن ئوقتەك قان كەتتى.

— ئۇرە مۇناپىق... قولۇڭدىن كەلگەنىڭنى ھەممىنى قىل! لېكىن... لېكىن شۇنى سەمىڭگە سېلىپ قوياي، بۇ — ئىگىسى بار جاھان!...

باستىنىڭ «ئۇرا» دەپ ۋارقىرىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا قاراپ تۇرغان تۆت قوراللىق ئوۋ ئىتلىرىدەك ئېتىلىپ كېلىپ باش ـ ئۇستۇمگە مۇشت ياغدۇرۇۋەتتى.

شۇ ئەسنادا سىرتتىن يېقىنلا يەردە ئېتىلغان قويۇق مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ھايال ئۆتمەي ئاپتومات كۆتۈرۈۋالغان بىرسى ئىشىكتىن ھاسىرىغان پېتى يۈگۈرۈپ كىرىپ دوكلات قىلدى:

— باسلىك①، ئىش چاتاق! تاشيول تەرەپتىن مەكتەپنى ئوققا تۇتۇۋاتىدۇ... جامالغا ئوق تەگدى...

ئۆينىڭ ئىچى جىمىپ كەتتى. ئۇستۇمگە مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان تاياقمۇ توختىدى. باستى يېنىدىن تاپانچىسىنى ئېلىپ شاراقلىتىپ ئوقلىدى، ئاندىن ئالدىراپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ مېڭىپ ئىككى قەدەم ئالا ـ ئالماي كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، تاپانچا تۇتقان قولىنى ماڭا قارىتىپ سىلكىدى:

— خەپ!...سەن بىلەن كېيىن ھېسابلىشىمەن!

دەل شۇ چاغدا «گۇم!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۆينىڭ ئىچى ۋاللىدە يورۇپ، ئېگىز بىنانىڭ ئۇستىدىن تاشلانغاندەك قېقىلىپ كەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ بېلىق گۆشى ئوتتا كۆيگەندەك

① باسلىك — ئەلەم كۆرۈشى مەزگىلىدە ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ كاتتىبېشى «سىلىك» دەپ ئاتىلاتتى.

پېرىلداپ ئارقىدىنلا كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى...

9

1975 - يىلى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى.

مەكتەپكە قايتىپ كەلگىنىمگە بىر ھەپتە بولدى. مەكتەپ دەرۋازىسىدىن پۈتۈمنى ئېلىپلا ئەينى چاغلاردىكى سۈرلۈك ۋەھىمە ئورنىنى بىر خىل ئازادە، خاتىرجەم كەيپىيات ئالغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدىمۇ خېلىلا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بىنا تاملىرىدىكى ئوق ئىزى، ئەينىكى چېقىلغان دېرىزىلەر، يول بويىدىكى قىڭغىيىپ قالغان ئاكوپلار... نى ھېسابقا ئالمىغاندا مەكتەپ ئىچىدىكى ھەممە نەرسە ئەسلىگە كەلگەندەك قىلاتتى. «ياشىسۇن»، «يوقالسۇن» دېيىشىپ بىر - بىرى بىلەن ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدىغان ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كېلىپ ئورۇنلاشقان «ھەربىي تەشۋىقات ئەترىتى» ۋە «ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى» نىڭ ياردىمى بىلەن «چوڭ بىرلىشىش» نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئېچىلغان چوڭ يىغىندا «تەشۋىقات ئەترىتى» نىڭ مەسئۇلى مېنىڭ ئۈستۈمدىكى ناھەق تۆھمەتلەر ئاقلىنىپ نامىم ۋە خىزمىتىمنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندا گويا جاھانغا قايتا تۇغۇلغاندەك، يۈرىكىمدىكى جاراھەتلەر بىر يولىسا قىيىپ قاقشال ۋۇجۇدۇمغا سۇ يۈگۈرگەندەك چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۈم، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرمىدىن چىقىپ مەكتەپ «ئىنقىلابىي كومىتېتى» نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلانغان ئاببasنىڭ چوڭ يىغىندا قىلغان ھەققانىي سۆزلىرى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى. مېنى ھەممىدىن بەك خۇشال قىلغىنى — ماڭا ئوخشاش تالاي بىگۇناھ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغان، «ئەلەم كۆرىشى» قوزغاپ، «ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش» بىلەن شۇغۇللىنىپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان بالاخور باسىتۋە ئۇنىڭ ئىككى قولچومىقى بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنىپ تېگىشلىك جازاغا تارتىلغانىدى. مانا بۇلار — مەن خېلىدىن بېرى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەن، ئەسلىدىمۇ شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلار ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن قانچە خۇشال بولسام ئەرزىيتتى. «خۇشاللىق — ئادەمنى ياشارتىدۇ» دېگەننى راست ئوخشايدۇ. شۇ تاپتا بارغانسېرى ياشىرىپ قېلىۋاتقاندەك، ئىچ-ئىچىمدىن بىر تاتلىق كۈلكە بۇلۇقلاپ چىقاتتى. مەن مۇشۇنداق كۈلكىگە نەقەدەر تەشنا ئىدىم - ھە!

كەچقۇرۇن ئابباس «تەشۋىقات ئەترىتى»نىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىر قانچە ئوقۇتقۇچىنى تېخى تۈزەشتۈرۈپ ئۈلگۈرمىگەن ۋەيرانە ياتىقىمغا باشلاپ كىردى.

— مۇبارەك بولسۇن نىياز، - دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا غولىچىنى يېيىپ، - ھەر نېمە بولسا ئارىمىزغا تىرىك قايتىپ كەلدىڭ، بۈگۈن قانغىچە بىرمۇڭدىشايلى...

ئىككىمىز بىرمىنۇتچە ئۈن - تىنسىز قۇچاقلاشتۇق، ئابباسنىڭ بەدىنى يېنىك تىترەپ، دەممۇ - دەم ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى.

— مەرھەمەت، - دېدىم مەن بىر ئاز-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دىن كېيىن ئۇلارنىڭ تېخىچە ئۆرە تۇرغىنىنى كۆرۈپ، - خاپا بولمايسىلەر، ياتىقىمىزنىڭ هالى شۇ...

ئۇلار كارىۋات ۋە ئۇزۇن ئورۇندۇققا كېلىپ قىستىلىپ ئولتۇرۇشتى. ئارىدىن بىرسى كۆتۈرۈپ كىرگەن سومكىدىن يۇمشاق نان، قورۇق ئۈزۈم، گۇلە - قاق ۋە بىر بوتۇلكا قوناق هارىقىنى ئېلىپ ئۈستەلدە قويدى. مەن ئۇلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتىم. ئوقۇتقۇچىلار ماڭا تونۇشلۇق ئىدى. كۆزۈم بىردىن ئۆزىنى «ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى»دىن دەپ تونۇشتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدا يەرگە قاراپ ئولتۇرغان بىر تونۇش چىرايغا چۈشۈپ قالدى. «مىجىت! ...، - دېدىم ئىچىمدە، - ئۇ يېنىمغا نېمە دەپ كىرگەندۇ...»

شۇ ئەسنادا ئابباس دىققىتىمنى بۆلدى:

— بىلىمەن نىياز، سەن ئىچمەيسەن، ئەمما بۈگۈن كۆڭلىمىزنى قايتۇرما، - دېدى ئۇ ياتىقىمىزدىكى بار - يوقى ئىككى پىيالىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ پاكىزلىغاندىن كېيىن هاراق قۇيۇپ، - ئەسلىدە ئوبدانراق بىر ئىش قىلساق بولاتتى، ئۇنىڭغىچە جېنىمىز ئالدىراپ قالدى.

مەن ئۇنىڭ قولىدىن پىيالىنى ئېلىپ ئادىتىمگە خىلاپ هالدا كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتىم.

— ماڭا قارا نىياز، - دېدى ئۇ بوشىغان پىيالىگە هاراق قۇيۇۋېتىپ، - سېنىڭ «ئۆلۈپ» يەنە «تىرىلىپ» قېلىشىڭنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە. ئەينى چاغدا باستىنىڭ تاپانچىسىدىن ئوق چىقىپ كېتىپ بىلىكىڭنى يارىلاندۇرغاندىن كېيىن جىنايەتتىن قورقۇپ «قارشى تەرەپتىكىلەر ئېتىۋەتتى» دەپ جاۋابكارلىقنى ئۇلارغا دۆڭگەپ قويۇش ئۈچۈن سېنى قارشى تەرەپنىڭ بازىسى — ناهىيىلىك هۆكۈمەتنىڭ كەينىدىكى چوڭ يول بويىغا ئاپىرىپ تاشلىۋەتكەن. شۇندىن كېيىن هېچقانداق ئىز - دېرىكىڭ بولمىغان. كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا هەر قىسما گەپ... بەزىلەر «ئۆلۈپ كېتىپتۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر «تېخى هايات ئىكەن، ئۈرۈمچىدە بارمىش» دېيىشكەن. ئىشقىلىپ تىرىك بولساڭ ئۆزۈڭنى، «ئۆلگەن» بولساڭ قەبرەڭنى كۆرگەن ئادەم يوق... ناۋادا، مۇستاپا سۈرۈشتۈرۈپ تاپمىغان بولسا، قاچانغىچە «غايىب» بولاتتىڭكىن ...

مۇستاپانىڭ گېپى چىقىشى بىلەن تەڭ ئالدىنقى يىلى كۈزدە ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي دىدار كۆرۈشكەن چاغدىكى ئۇنتۇلماس دەقىقىلەر ئىختىيارسىز كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇ، كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان چاغ ئىدى. كۆپكۆك ئاسماننىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدە كەچكى شەپەقنىڭ تەپتىدىن توي كېچىسىدىكى قىزنىڭ مەڭزىدەك قىزارغان پارچە - پارچە بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى. توپىلاڭ يولنىڭ ئىككى يېنىدىكى توغراق، جىگدە شاخلىرىدا توپ - توپ تومۇچۇق، تورغايلار يېقىملىق سايرىشىپ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. بۇ يەرنىڭ كەچكى مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش — هەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ئىدى. ئادىتىم بويىچە ئەتراپنى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقاي دەپ تۇراتتىم، هويلىنىڭ ئىشىكىنى بىرسى قاقتى:

— باياز ئاخۇننىڭ ئۆيى مۇشۇمىكىن؟...

ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتىم. چىقتىمىيۇ،

ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. ئالدىمدا كۆرۈشمىگىلى ئۈچ يىلدىن ئاشقان قەدىناس ئوقۇغۇچۇم مۇستاپا قاراپ تۇراتتى. مەن خۇشال ھەم ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭ قولىنى ئۇزاق سىقتىم.

— سىزنى ئاخىر تاپتىم نىياز مۇئەللىم، — دېدى ئۇ. مەن ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ چىراغنى ياندۇرغاندىن كېيىن، — سىزنى «ئۆلۈپ» كەتتى دېسە ھەرگىز ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە سىز ھاياتتەك، ھامان بىر كۈنى دىدار كۆرۈشىمىزغۇ دەپ ئىشەنچ قىلاتتىم، مانا بۈگۈن سائەتتە كەلگەن چېغى، ئىدارىنىڭ ماشىنىسى بىلەن ئوتۇنغا كىرىپ يول بويىدىكى قۇدۇق يېنىدا توختىغانتۇق، سۇغا كەلگەن بىر بوۋاي بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. گەپ ئارىسىدا ئۇنىڭدىن «باللار ئوقۇۋاتامدۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ بېشىنى چايقاپ ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ: «بوز يەر دېگەندە مەكتەپ نېمىش قىلىدۇ ئۇكام، ھېلىمۇ ياخشى، ئۇداقى يىلى نۇر ئەخمەت ئاخۇننىڭ باياز دەيدىغان بىر توغقىنى كەپتىكەن، بىر كىم بىلەن ئارازلىشىپ قالغانمۇ نېمە، بىر كەلگەنچە كەتمەي تۇرۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ قورسىقىدا خېلى ئۇمىچى بار، گېپى ئۇز، ئالدىقىنى ئوچۇق ئېسىل ئادەمكەن، باللارنى شۇ كىشى ئوقۇتۇۋاتىدۇ...» دېمەسمۇ، شۇھامان كۆڭلۈمگە «باياز دېگىنى نىياز مۇئەللىم بولمىسۇن يەنە» دېگەن ئوي كەلدى-دە، بوۋايدىن سوراپ ئۇدۇللا مۇشۇ ئۆيگە كەلدىم. دەرۋەقە، سىز ئىكەنسىز نىياز مۇئەللىم، قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز؟ سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟ بىلىكىڭىزچۇ؟...

— ياخشى، بىلىكىممۇ ساقىيىپ كەتتى، كۈنۈم ھەر ھالدا ئوبدان ئۆتۈۋاتىدۇ، سەنچۇ؟ ھېلىمۇ رادىئو ئۈزبىلىمدا ئىشلەۋاتامسەن؟

ئۇ جاۋاب ئورنىغا بېشىنى ئاستا قىمىرلاتتى. قارىغاندا ئۇ قىلىۋاتقان ئىشىدىن رازى ئەمەستەك قىلاتتى. بىز خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق، ئۇ يەنە «ئەلەم كۈرىشى»دە ئۆلگەن، يارىلانغانلار، مەكتەپتىكى ئۆزگىرىشلەر، نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «كۈرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتى توغرىلىقمۇ سۆزلەپ بەردى. گېپىمىز ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىرچاغدا يول تەرەپتىن ماشىنىنىڭ سىگنالى ئاڭلانغىلى تۇردى. مەن بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ھازىرچە بىركىمگە تىنماسلىقنى تاپىلاپ ئۇنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويدۇم. بىز بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا ئۈن-تىنسىز خوشلاشتۇق...

خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئابباسنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە دىققەت قىلماپتىمەن. قارىسام ئۇ قولىدىكى ئىككى پىيالىنىڭ بىرىنى مىجىتقا، بىرىنى ماڭا تەڭلەپ ئالدىمدا تۇرۇپتۇ.

— قېنى، يەنە بىرنى، — دېدى ئۇ پىيالىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، — بۇ مىجىتنىڭ كۆڭلى. بىلىمەن، ئۇنىڭدىن خاپا بولۇۋاتىسەن، لېكىن، ئەيىب ئۇنىڭدا ئەمەس. ئەينى چاغدا باسىتھىيلە ئىشلىتىپ مىجىتنىڭ ئايالىنى «ناۋادا نىيازدىن چەك - چېگرا ئاجرىتىپ ھېلىقى خاتىرىنى تاپشۇرۇپ بەرمىسە، نىياز بىلەن ئوخشاش جازالىنىدۇ» دەپ قورقۇتقان. مىجىتنىڭ ئايالى ساددا، ياۋاش دېھقان قىزى بولغاچقا باسىتنىڭ

ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپ، مىجىتقا ئۇقتۇرماي خاتىرىنى ئۇنىڭغا بېرىپ قويغان. شۇ ئىشتىن كېيىن مىجىت قاتتىق ئازابلىنىپ ئاخىرى ئايالىدىن ئاجرىشىپ كەتتى.

«ھە، گەپ ئەسلىدە مۇنداق ئىكەندە، بولىدىغان ئىش بولدى. يەنە ئۇنىڭدىن يامانلاپ نېمە قىلاي ...» شۇنداق ئويلىدىمدە، قولۇمدىكى پىيالىنى مىجىتنىڭ پىيالىسىگە يېنىك تەگكۈزۈپ كۆپۈپ ئىچىۋەتتىم. دېمىسىمۇ ئاشۇ كۈنلەردە ئاتا - بالا، دوست - قېرىنداش ئوتتۇرىسىدا مېھىر - شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى قىچا چېچىۋەتكەندەك ھەدېسىلا بىر - بىرىنىڭ ياقىسىنى بوغۇدىغان رەقىبلەرگە ئايلانغان تۇرسا، ئوقى سۇنۇپ كەتكەن چاقپەلەكتەك ئۇتۇك-تەتۈر چۆگىلەۋاتقان كاج پەلەكنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان ئاشۇ بىچارە مىجىتتىن رەنجىپ يۈرۈشكە قىلىچە ئاساسىم يوق ئىدى. مەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، ئىككى ئېغىز تەسەللى قىلاي دەپ تۇرغىنىمدا ئۇ خۇددى ئاتىسىدىن كەچۈرۈم سوراۋاتقان كىچىك بالىدەك ئالدىمدا تىزلىنىپ، پۇتلىرىمنى قۇچاقلىغىنىچە ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

— سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن نىيازئاكا، مېنى كەچۈرۈڭ...

— ئۇنداق دېمە ئۇكام، ئۇ ئىشلارنى قانداقمۇ سەندىن كۆرگىلى بولسۇن، «سۇ كېتىپ تاش قالىدۇ. ئوسما كېتىپ قاش» دېگەندەك، ئۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى. گەرچە ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە جاراھەت ئىزلىرىنى قالدۇرغان بولسىمۇ، بىرلا يېرى— بىزگە دوست - دۈشمەننى ئېنىق تونىتىپ قويدى. قانداق ئادەم بولۇشنى ئۆگەتتى. نۇرغۇن تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئىگە قىلدى. بۇلارنى مەڭگۈ ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك...

مەن مىجىتنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېنىمدا ئولتۇرغۇزدۇم. ئۇ تېخىچە خىجىللىداپ ماڭا بىرنېمە دېمەكچى بولاتتىمىيۇ، يەنە جىمىپ قالاتتى. ئۇنىڭشۇ تاپتىكى روھى ھالىتىنى ئوبدان چۈشەنگەچكە قايتا گەپ كوچىلىمىدىم. دەل شۇچاغدا توك ئۆچۈپ ياتاقنىڭ ئىچىنى قاراڭغۇلۇق باستى. دەرھال ئۆستەل تارتىمىسىدىن بىر تال شامنى ئېلىپ ياندۇرۇپ، گۇڭگا يورۇقتا ئالدىمدا ئولتۇرغانلارغا بىر - بىرلەپ سەپسالدىم. ھەممەيلەن مەندىن قانداقتۇ بىر ئىشنى كۈتۈۋاتقاندەك كۆزلىرىنى ئۈزمەي جىمجىت قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۈستەلدىكى قوناق ھارىقى ئاخىرلىشاي دەپ قالغان ئىدى. «تەشۋىقات ئەترىتى» نىڭ مەسئۇلى شېشىدىكى ھاراقنىڭ ھەممىسىنى پىيالىغا ئىقلاپ قويدى - دە، ماڭا ئۇزاتتى:

— مەن «تەشۋىقات ئەترىتى»گە ۋەكالىتەن سىزنىڭ ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى تەبرىكلەيمەن. سىز ئېغىر ناھەقچىلىككە ئۇچراپ نۇرغۇن ئازاب تارتتىڭىز، ھەتتا بىرقېتىم «ئۆلۈپ» «تىرىل» دىڭىز، پارتىيە ۋە خەلق سىزنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇپ يېڭى ھايات بەخش ئەتتى. بۇنىڭدىن سىزمۇ، بىزمۇ ئىنتايىن خۇشال، ئەلۋەتتە. مۇشۇنداق بىر پەيتتە سىزنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىش جەريانىڭىزنى بىر ئاڭلىساق، دەيمەن. مالال كەلمىسە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز...

— سۆزلەپ بېرىڭ نىياز مۇئەللىم، بىزنىڭ بەكمۇ ئاڭلىغىمىز بار...

«تەشۋىقات ئەترىتى» مەسئۇلىنىڭ سۆزىنى ھەممەيلەن قۇۋۋەتلەپ، سۆزلەپ بېرىشىمنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلىشتى! قولۇمدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر پىيالە ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتتىم - دە، كۆزۈمنى ئۈستەل ئۈستىدە يىلتىلداپ كۆيۈۋاتقان شامغا تىككىنىمچە بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدىم. شۇ ئان گۆر ئاغزىدىن يانغاندىن كېيىنكى ئۇنتۇلماس كەچۈرمىشلىرىم گويا كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

× ×

... كۆزۈمنى ئاچسام ناتونۇش بىر ئۆيدە يېتىپتىمەن. ئىسسىق قارىداپ كەتكەن تام - تورۇس، رەڭگى ئۆچۈپ ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن زەدىۋال، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى مورا، سەندىدىكى قاپاق، چۆگۈن ... مەن بۇلارنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن، چۈشۈمدە كۆردۈممۇ - يە ... ھەيرانلىق ئىچىدە بېشىمنى سەل - پەل كۆتۈرۈۋىدىم، كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، نەپسىم قىستاپ تىنالمايلا قالدىم. پۈتۈن بەدىنىم جۇغۇلداپ تىترەك باستى، ئارقىدىن چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتتىم. ھايال ئۆتمەي قولىقىمغا شىپىرلىغان ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلانغاندەك بولدى. كۆزۈمنى ئاستا ئېچىپ بېشىمدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان شىرىپ ئاكىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدىم. بىر نەرسە دېمەكچى بولدۇمىيۇ، لېكىن لەۋلىرىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك ھەر قانچە قىلىپمۇ مىدىرلىتالمىدىم. ئاڭغىچە شىرىپ ئاكا ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان ياداڭغۇ كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، ئاندا - ساندا ئاق ئارىلى-غان ئۇزۇن ساقاللىق توختىماي تىترەيتتى.

— خۇداغا شۈكرى، ھەر نېمە بولسا كۆزلىرىنى ئاچتىلا، ئوت - كاۋاپ بولۇپ ھېچنېمىنى تونۇماي ياتقىلى يەتتە كۈن بولدى. تولا ئەنسىرىدۇق، خۇدايىم بۇيرىسا ياخشى بولۇپ كېتەلا ئىگەكىم...

شۇنداق قىلىپ شىرىپ ئاكىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدىم. شىرىپ ئاكا ۋە ھەۋزىخان ئاچاملار ماڭا خۇددى ئۆز بالىسىدەك كۆيۈنۈپ ھالىمدىن ياخشى خەۋەر ئالدى. ئاق ئۇندا ئۇماچ ئېتىپ ئىچكۈزدى، كاشكاپ دەملەپ بەردى، بىلىكىمدىكى ئوق تەگكەن جايغا نەدىندۇ تېپىپ كەلگەن مەلھەم دورىنى چېپىپ كۈن ئارىلاپ يەڭگۈشلەپ تېڭىپ قويدى. ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە قىزىتمام يېنىپ، بارا - بارا ماغدۇرۇمغا كېلىشكە باشلىدىم. پۈتۈن بەدىنىمنىڭ يىڭنە سانجىغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىشىمۇ ئاستا - ئاستا پەسلەپ، پۇت - قوللىرىمنى سەل - پەل مىدىرلىتالايدىغان، بىردەم - بىردەم تەكىيەگە يۆلىنىپ ئولتۇرالايدىغان بولدۇم. سالامەتلىكىمنىڭ شۇنچە تېز ئەسلىگە كېلىۋاتقىنىدىن تولىمۇ خۇش ئىدىم. ساقلىق — ئىنسان ئۈچۈن نەقەدەر قىممەتلىك - ھە! ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى مېنى گۆر ئاغزىغا سۆرەپ ئاپارغان مۇدھىش ئاغرىققا قارشى قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىشقا ئۈندەيتتى. ئىچىمدە ھامان تېزراق ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتسەم دەپ تىلەيتتىم. شۇ چاغدىكى ئەھۋالىمنى ئويلىسام، ئادەمدە ئۈمىد ۋە ئىرادە بولسىلا ئۆلۈمنىمۇ يەڭگىلى بولىدىكەن دەپ ئويلاپ قالىمەن. راست، ئىنسان ئۈچۈن ئۈمىد — جان، ئىرادە — قانات، جېنى ۋە قانىتى بولمىغان قۇشنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىشى مۇمكىنمۇ...!

بىركۈنى شىرىپ ئاكا ئۆيەر-بۇيەردىن پاراڭ قىلىپ بېرىۋېتىپ مېنىڭ بۇ ئۆيگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى توغرىسىدىكى گەپىمنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قالدى. مەنمۇ شۇنى ئۇقسام دەپ تەقەززا ئىدىم. شۇڭا دەرھال ئۇنىڭ گېپىگە لوقما سالدىم:

— شىرىپ ئاكا، ئۆزۈڭمۇ ھەيران، مېنى ئۆيلىرىڭگە كىم، قانداق ئەكېلىپ قويدىكىنە؟

— خۇدانىڭ ئىرادىسى دېسىلە، — دېدى شىرىپ ئاكا گەپىنى باشتىن باشلاپ، — ئاشۇ كۈنى بوز يەردىكى نۇر ئەخمەت بالامنىڭ يېنىدىن ئەترەتنىڭ كالا ھارۋىسىغا ئوتۇن بېسىپ كېچىلەپ يولغا چىقتىم. باش توخۇ چىللىغان مەھەلدە يامۇلنىڭ كەينىدىكى چوڭ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كالا بىر نېمىدىن ئۈركىگەندەك قىلىپ ماڭماي تۇرۇۋالدى. ھارۋىدىن چۈشۈپ قارىسام يول ياقىسىدىكى ئورەكتە بىرسى سۇنايلىنىپ يېتىپتۇ. «بىرەر مەست ئۆيىنى تاپالماي مۇشۇ يەردە ئۇخلاپ قالغان چاغۋا، كارىم نېمە، يولۇمغا كېتىۋېرەي...» دەپ ھارۋىنى قوزغاپ ماڭدىم. ئالاھەزەل يۈز مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن نېمىشقىدۇ كۆڭلۈمگە باشقا بىر ئوي كىرىۋالدى «ھوي، نېمىلا دېگەن بىلەن ئادەم ئەمەسمۇ، ھېچبولمىسا ئۆلۈكمۇ — تىرىكمۇ قاراپ باقمامدىم...» شۇ ئوي بىلەن كەينىمگە ياندىم — دە، ئورەكنىڭ يېنىغا كېلىپ بىردەم قولاق سېلىپ تىڭشاپ تۇردۇم، ھېچقانداق شەپە يوق. «ئۆلۈكمۇ — يە؟» كۆڭلۈمدىن شۇ گۇمان كەچتى. ئەمما، قانداقتۇ بىر غايىبانە كۈچ مېنى بۇيەردىن كەتكىلى قويمايۋاتاتتى. «تەۋەككۈل» دەپلا ئورەككە چۈشۈپ بىھوش ياتقان «مەست» نىڭ بېشىنى يۆلىدىم. قولىقىمنى ئېغىزىغا يېقىن تۇتۇپ ناھايىتى ئاجىز تىنىق ئېلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. سوۋۇپ كەتكەن يۈت — قوللىرىنى تۇتۇپ بېقىۋىدىم، بىلىكىدىن قولۇمغا قاندەك بىر نەرسە يۇققاندەك قىلدى. دەرھال گۈگۈت ياندۇرۇپ قاراپلا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئالدىمدا چالا ئۆلۈك ياتقان بۇ ئادەم باشقا بىرسى ئەمەس دەل سىلى — نىياز ئەپەندىم بولۇپ چىقتىلا. شۇنداق قىلىپ ھارۋىدىكى ئوتۇننىڭ تېگىنى چۈشۈرۈۋېتىپ بىر ئامال قىلىپ سىلىنى ئۆيگە ئەكېلىۋالدىم. ناۋادا پەرۋەردىگارىم ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئاشۇ قاراڭغۇ كېچىدە سىلىنى ماڭا يولۇقتۇرمىغان بولسا ...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە شىرىپ ئاكا ئېغىر ئۇھ تارتىپ كۆزىگە لىممىدە ياش ئالدى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. سالامەتلىكىم تولۇق ئەسلىگە كېلىپ ئوڭ بىلىكىمدىكى ئوق تەگكەن جاي تىرناق چىلىك يۇمىلاق تارتۇق قالدۇرۇپ سەللىمازا ساقايدى. ئەمدى بۇ ئۆيدە داۋاملىق تۇرۇۋەرسەم بولمايتتى. چۈنكى باسىت مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى بىلىپ قالسا يەنە زەھەرلىك قولىنى سېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئەمما، ساقىيىۋېلىپلا شىرىپ ئاكىغا يۈزتۇرانە «مەن كېتەي» دېيىشكىمۇ تىلىم بارمايتتى. قانداق قىلىشىمنى بىلمەي تەڭلىكتە تۇرغىنىمدا شىرىپ ئاكا كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ قالدىمۇ — قانداق، بۇتوغرۇلۇق ئۆزى گەپ ئاچتى.

— بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ بولمايدىكەن نىياز ئەپەندىم، بەزىدە ئاخىر زاماننىڭ ئالامەتلىرى بولۇۋاتـ

تامدىكىن دەپمۇ قالىمەن. قايسى كۈنى شەھەرگە كىرىپ بەزى گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدىم. ئاشۇ خەقلەر سىلىنى «يا ئۆلۈكىنى، يا تىرىكىنى تاپىمىز» دەپ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرگۈدەك... نېمىشقىكىن، كۆڭلۈم ئۆيۈپلا تۇردۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر شەھەرگە يېقىن، ئالمادىس بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا قانداق قىلىغۇلۇق؟ بۇنداق دېسەم باشقىچە ئويلاپ قالمىسىلا. ئەۋۋەلى خۇدايىم، ئاندىن قالسا بىز بار، بار - يوقنى تەڭ كۆرەمىز، شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلمىساق بولماس. ناۋادا ماقۇل كۆرسىلە، بوز يەردىكى نۇر ئەخمەت بالامنىڭ يېنىدا بىر مەھەل تۇرۇپ كەلسىلە، ئەل كۆزىدىن يىراق، كۆڭلىمىزمۇ خاتىرجەم تۇرارمىكىن...

مەن دەرھال رازىلىق بىلدۈردۈم. ئەتىسى ھەۋزىخان ئاچام كىيىم - كېچەكلىرىمنى يۇيۇپ - ياماپ، بىرچارەك ئۇندا زاغرا يېقىپ بەردى. ئۈچىنچى كۈنى زو ۋاختى بىلەن ئىككى ئېشەككە مىنىپ يولغا چىقتۇق.

شىرىپ ئاكىنىڭ ئوغلى نۇر ئەخمەت تولىمۇ ساددا، تۈز كۆڭۈل، چىقىشقاق يىگىت ئىكەن. ئەتىدىن-كەچكىچە ئەترەتنىڭ ئەمگىكى ۋە ئۆيىنىڭ ئىش-كۈشلىرىنى قىلىپ بىردەم بىكار تۇرمايدىكەن. شۇغىنىسى، مىجەزى سەل ياۋاش، گەپكە ناقىسراق ئىكەن. شۇنداقتىمۇ خۇشى تۇتقان چاغلاردا قويچى راۋىبىنى زوقى بىلەن چېلىپ ئاجايىپ مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىشنى بىلىدىكەن. ئۇنىڭ مۇشۇ يېرى ماڭا بەك يېقىپ قالدى. ئۇنىڭكىگە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە، ياتسىراش تۈپەيلىدىنمىكىن، غېرىبسىنىش، زېرىكىش ھېس قىلغانىدىم. مانا ئەمدى بارا - بارا كۆنۈپ قالدىم. «بوز يەر» دەپ ئاتالغان بۇ چۆل سىياق خىل-ەت ماكانىنىڭ توپاچىراي، ياۋاش-يۇمشاق ئادەملىرىدىن ئارتىپ ئەتراپتىكى قۇم دۆڭلىرى، توغراق، جىگدىلەر ھەتتا ئۇچار قاناتلىرىمۇ تەركىدۇنيالىقنىڭ ئىسكەنجىسىدە زەردابقا تولغان مىسكىن قەلبىمدە ئاجايىپ شېرىن، ئوتلۇق مۇھەببەت ئويغاتقانىدى. كېيىنكى يىلى يازدا نۇر ئەخمەت ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يۆلەپ ئاددىيغىنە بىر ئېغىز ئۆي ئۆرە قىلىپ بەردى. ئەترەتكە نوپۇسۇمنى ئالدۇرۇپ ئەزا بولدۇم، شۇنىڭدىن كېيىن كۈنلىرىم ئەتىدىن - كەچكىچە ئېتىزدا ئەمگەك قىلىپ نومۇرغا ئىشلەش، دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن ئوتتۇن كولاش، قومۇش - يانتاق ئورۇش، ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى قالدۇرۇق يەرگە پەرۋىش قىلىش بىلەن ئۆتتى. ئىشتىن بىكار بولغان ۋاقىتلىرىمدا شىرىپ ئاكام يەتكۈزۈپ بەرگەن كىتابلارنى ئوقۇيتتىم. ئۇنى - بۇنى يېزىش بىلەن مەشغۇل بولاتتىم. ئۇزاق ئۆتمەي ئەزالار مېنى ياقتۇرۇپ قالغان چېغى، ئەترەتكە بوغالتىر قىلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئىسمى - جىسمىغا لايىق «سەھرالىق دېھقان»غا ئايلاندىم. راستىنى ئېيتسام، پاجىئەگە تولغان شەپقەتسىز دۇنيادىن يىراقتا — ئانا تەكلىماكاننىڭ ئاشۇ پىنھان قۇچىقىدا ھالال ئەجرىمگە تايىنىپ، قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك ئەركىن، ئازادە ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن خۇشال ئىدىم. بىر ئۆمۈر مۇشۇ يەردە قېلىشنى، نارات بولسىمۇ ئەسلى تەبىئىتىنى يوقاتمىغان ئاشۇ چۆل ئادەملىرىدەك ئاچچىق كۆز ياشلىرىم بىلەن توغراقلارنى كۆكەرتىپ، يۇلغۇنلارنى چېچەكلىتىپ، چۆل باغرىغا ئۈن - تىنسىز سىڭىپ كېتىشنى خالايتتىم. ئەپسۇس، بۇ شېرىن ئەمما قىسقا چۈشۈمنى ئاخىر مۇستاپا بۇزدى...

كېيىنكى قېتىم ئۇ مېنى يوقلاپ بار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غاندا، مېنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كېلىشـ
نىڭ ھەممە تەييارلىقىنى قىلىپ بولـ
غانىكەن، «قايتىپ كېتەيلى نىياز مۇـ
ئەللىم، مەكتەپ سىزگە موھتاج، دوستـ
لىرىڭىز، ئوقۇغۇچىلىرىڭىز يولىڭىزغا
قاراپ قالدى،ـ دېدى ئۇ «ئىنقىلابىي
كومىتېت» نامىدىن يېزىلغان بىر پارچە
خەتنى ئالدىمغا قويۇپ،ـ تەشكىلمۇ
سىزنى قايتۇرۇپ كېتىشنى قارارقىلدى».
مەن بۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم، تەقـ
دىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداق بولسا،
بويسۇنماي بولامدۇ؟ شۇنداق قىلىپ ياـ
مان كۈنلەردە ماڭا پاناھ بولغان، كۆز
ياشلىرىمنى سۈرتۈپ، مىسكىن كۆڭلۈمـ
نى ياشارتقان، قىسقىسى، بىر ئۆمۈر
ئېسىمدىن چىقمىغۇدەك ياخشىلىق قىلـ
غان ئاشۇ چۆل ئادەملىرى بىلەن نائىـ
لاج خوشلاشتىم ...

10

نىياز مۇئەللىمنىڭ خاتىرىسىنى توـ
لۇق ئوقۇپ چىقتىم. قولۇمدا يېشىل تاشـ
لىق خاتىرە، كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ توـ
نۇش سىماسى، قەلبىمدە ئاجايىپ چىـ
گىش، زەنجىرسىمان خىياللار ... ناۋادا،
ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىـ
نى ئادىللىق بىلەن قايتىدىن ئورۇنـ
لاشتۇرغىلى بولسا ئىدى، بەلكىم نىياز
مۇئەللىمدەك ياخشى ئادەملەر ئارىمىزـ
دىن مۇنچە بالدۇر كېتىپ قالماس ئىدى...
ئۆيلىرىگە نېرى خىياللىرىمنىڭ تېگىگە
يېتەلمەيتتىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خاتىرـ
سىنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىنىڭ ئاق قالـ
غانلىقىدىن، كېيىنكى يىگىرمە ئۈچ يىلـ
لىق ھاياتى توغرىسىدا ھېچنېمە يازـ
مىغانلىقىدىن ھەيران بولاتتىم. ئەجەـ
با، ئۇ دەرس مۇنبىرىدە بور توزانلىـ
رىغا كۆمۈلۈپ ياش بۇغۇنلارنىڭ قەلـ
بىنى ئىلىم ـ مەرىپەت نۇرى بىلەن يوـ
رۇتۇش يولىدا يۈرەك قېنىنى ئايىماي
سەرپ قىلغان ئاشۇ ئەھمىيەتلىك ئۆـ
مۈر ئىزلىرى توغرىسىدا قەلەم تەۋرىـ
تىشنى خالىمىغانىمىدۇ؟ ھايات مۇساـ
پىسىدىكى ئاچچىق ۋە تاتلىق ئەسـ
لىمىلەر بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتـ
مىسۇن دېگەنىمىدۇ ـ يە ...؟

شۇ تاپتا، ئالدىنقى يىلى كۈزدە ئۇـ
نى يوقلاپ بارغىنىمدا، يېڭىدىن سېـ
لىنغان ياتاق بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەـ
ۋىتىدىكى ئازادە ئۆيدە قىلىشقان پاـ
راڭلىرىمىز ئېسىمگە چۈشتى. شۇ كۈنى،
ئۇنىڭ «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىدا
ئېلان قىلىنغان مائارىپ ئىسلاھاتى
توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى كۆـ
رۈپ، ئۇنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بارغاـ
نىدىم. ئۇ مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ـــ كېلە مۇستاپا، ئوبدان چاغدا كەپـ
سەن، سېنى ياد ئېتىپ تۇراتتىم،ـ دېـ
دى ئۇ مېنى كۆرۈپ خۇشاللىقىنى باـ
سالمىغان ھالدا،ـ يېقىنقىنىڭيا غىچە كەم
دىدار بوپ كەتكىنىڭگە قاراپ، مېنى
ئۇنتۇپ كەتكەن چېغى، دەپ قاپتىمەن...

ـــ نەدىكىنى، سىزنى ئۇنتۇپ كەتـ
كىلى بولامدۇ نىياز مۇئەللىم، ھەر كۈنى
يوقلاپ كەلگۈم بار، لېكىن زە، ئىشلار
بەك ئالدىراش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىي
تېخنىكۇمنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئوقۇش سىنىـ
پىدا ئوقۇۋاتىمەن. ئۆزىڭىز چۇ؟ كۈندۈـ
زى سىنىپتا، كېچىسى يېزىق ئۈستىلى
ئالدىدا مەندىنمۇ ئالدىراش ئۆتۈۋاتـ
سىزغۇ ھەقچان ...

ـــ ئالدىرىمىساق ۋاقىت بىزگە ساقـ
لاپ تۇرمايدۇ ئۇكا، مانا ھەش ـ پەش
دېگۈچە يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى.
ئويلاپ باقسام، تالاي پۇرسەت قولدىن
كېتىپتۇ. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن ئىككىنـ
چى قېتىم ھايات يولىغا قەدەم قويغان
ئادەم، پارتىيە، خەلق مېنى قۇتقۇزۇپ
قالدى. ئەجرىمگە يارىشا شان ـ شەرەپ،
ھۆرمەت، ئىناۋەت ئاتا قىلدى. مەن
بۇنىڭغا ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن جاـ
ۋاب قايتۇرۇشۇم كېرەك ...

ئۇ بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ سۆزـ

لەۋاتاتتى، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىچ-ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. شۇ تاپتا ئۇ نەزەرىمدە بارغانسېرى ياشىرىپ تېتىكلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. راست، زاماندىن كۆڭلى سۇ ئىچكەن ئادەم ياشارماي قالامدۇ؟ بىز ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. مەن ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ چىققاندا ئەل ئايىغى بېسىقىپ، پۈتۈن ئەتراپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. كېچىنى خىيال بىلەن ئۆتكۈزدۈم. تاڭ سۈزۈلگەندە ئۆيدىن چىقىپ نىياز مۇئەللىمنىڭ تۇپراق بېشىغا قاراپ ماڭدىم. زۇمچەك-زۇمچەك قەبرىلەرنى قويىنىغا ئېلىپ جىم-جىت ئۇيقۇغا كەتكەن زاراتگاھلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىغىر يولدا كېلىۋېتىپ نىياز مۇئەللىمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقان ئاپئاق ساقاللىق موسىپىت كىشىگە كۆزۈم چۈشتى. بىر قاراپلا ئۇنى تونۇدۇم.

— ئەسسالام، شىرىپ ئاكا، — دېدىم مەن ئۇ دۇئادىن قول يىغىپ ئورنىدىن تۇرغاندا تونۇشلۇق بېرىپ، — مەن — مۇستاپا ...

— ھە ... ئۆزلىرى مۇستاپا بولامىلا؟ ئەپەندىم گەپلىرىنى تولا قىلىدىغان، خۇدا بۈگۈن يۈز كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىپتۇ. ئۆزلىرىگە ئېيتمىسام بولمايدىغان بىر ئىش بار ئىدى، — دېدى ئۇ ئالدىدىكى قەبرىگە بىردەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — رەھمەتلىك دوختۇرخانىدىكى چېغىدا، ئوبدان ساقلاپ، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇشۇمنى تاپىلاپ بىر نەرسە بەرگەنىدى، ئەمدى شۇ ئامانەتنى قوللىرىغا ئالسىلا ...

شىرىپ ئاكا سۆزلەۋېتىپ نىمكەش يەكتىكىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن ئۈستىگە «ئىنىم مۇستاپاغا» دەپ يېزىلغان ئالىقانچىلىك كونۋېرتنى ئاۋايلاپ ئېلىپ قولۇمغا بەردى.

مەن شىرىپ ئاكا بىلەن خوشلىشىپ، ئالدىراپ ئۆيگە ياندىم-دە، كونۋېرتنى ئاچتىم. ئىچىدىن ئوتتۇرىسىغا گۈل ۋە بىر جۈپ بۇلبۇل، بىر بۇرجىكىگە «ر + ن» دېگەن خەت كەشتىلەنگەن ئاق شايى قول ياغلىق، چىرايلىق قاتلىنىپ ئۈستىگە «64. 8. 16» دەپ يېزىلغان بىر پارچە خەت ۋە بىر پارچە رەڭسىز سۈرەت چىقتى. سۈرەت سەل ئۆڭگەن بولسىمۇ، بۇلاقتەك بىر جۈپ كۆز، ئۇزۇن قايرىما كىرپىك، ئېلىپتەك بۇرۇن، ئويماقتەك ئېغىز، مۈرىسىدىن ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان قاپقارا ئۆرۈمە چاچلىرى ئەسلىدىكىدەك گۈزەل ۋە جەزبىدار ئىدى. ئېنىقكى بۇ، نىياز مۇئەللىمنىڭ تۇنجى سۆيگىنى — رىسالەتتىن يادىكار قالغان تەۋەررۈك يالداما ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ نىياز مۇئەللىمنىڭ ئاشۇ يالدامىسىنى قەدىرلەپ ساقلاپ، بىر ئۆمۈر جۇدالىق ئازابى تارتسىمۇ تۇنجى مۇھەببىتىگە ساداقەت بىلەن ئەقىدە ساقلاپ ئۆتكەنلىكىدىكى سىرنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. نېمىشقىدۇ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كۆز ياشلىرىم يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. يەنە ئويغا چۆكتۈم ...

دەرۋەقە، ئىنسان دۇنياغا قۇرۇق قول كېلىدىكەن، كەتكەندە ئاران سەككىز مېتىر خام ياكى خەسە بىلەنلا كېتىدىكەن. ئەمما، نىياز مۇئەللىم ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ ئۆزى ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغان، ئەمما ئېرىشەلمىگەن تالاي گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. ئۇ — غۇرۇرلۇق، ئىنسانىي ھېس-تۇيغۇغا باي ھەقىقىي ئەركەكلەردە بولىدىغان، ياشلىقتىكى سۆيگۈ-مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرىدىن ئاپىرىدە بولغان يالقۇنلۇق ئارزۇ-ئارمانلار ئىدى ...

داۋۇت مەتنىياز

# ئاتا ۋە باللار

(ھېكايە)

كونا ئىشكاپتىن يېمەكلىك ئىزدەۋاتقان چاشقاننىڭ كىتىرلاشلىرى ياقۇپنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزدى. ئېرۋىسىنى غىدىقلاپ بىئارام قىلىۋەتتى. ياقۇپ بېشىنى يوتقانغا تىقىپ يېتىپ باقتى — يوق، بارغانچە ئەۋزەيلەپ كېتىۋاتقان يېقىمسىز تىۋىشتىن خالىي بولالمىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكاپنى ئېچىۋېدى، چاشقان پەرت قىلىپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى كىچىك تۆشۈككە كىرىۋالدى. ئىشكاپتا بىر بۇردا قاتتىق زاغرىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ياقۇپجا يىغا كېلىپ ياتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئاچلىقتىن نەپسى تاقىلداپ كەتكەن بىزەڭ چاشقان ئىشكاپتا يەنە توپىلاڭ باشلىدى. ياقۇپ يوتقاندىن يەنە بىر قېتىم سوغۇرۇلۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولغانىدى. لېكىن ئۇ بۇ قېتىم ئىشكاپنىڭ ئالدىغا بارماي ھويلىغا چىقتى. تىنىق ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ياقۇپنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىسىدىن تۆكۈلگەن چىراغ يورۇقى، كەڭرى ھويلىنى ئوبدانلا يورۇتۇپ تۇراتتى. ياقۇپنىڭ باللىرى تېخىچە ئۇخلىمىغانىدەك قىلاتتى. ناۋادا ئۇلار دادىسىنىڭ ھويلىدا شەپەرەڭدەك تىمىسقىلاپ يۈرگىنىنى بايقاپ قالسا سەت بولمامدۇ. ئوغلى ھەسەنغۇ باشقىچە ئويلاپمۇ يۈرمەس، كېلىنى سەلىمەچۇ...

ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتمەكچى بولغان ياقۇپ ئىككى قەدەم ئېلىپلا ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. دېرىزىدىن ئېنىقلا ئاڭلانغان يىغا ئاۋازى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. «ئۆيۈڭدە داداڭ بىلەن ئولتۇرغىن، مەن كېتىمەن. ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن» دەيتتى سەلىمە يىغا ئارىلاش. ھەسەننىڭمۇ بوغۇق بىر ئاۋازى ئاڭلاندى — يوق، نېمە دېگىنىنى بىلگىلى بولمىدى. بۇ ئۆيدە يېقىندىن بېرى پات — پات جېدەل يۈز بېرىپ قالىدىغان، ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازىمۇ قورۇنى پات — پات لەرزىگە سالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. لېكىن ياقۇپ ئۇلارنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى بىلمەيتتى. مانا ئەمدى بىلدى. ھەممە سىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشكارىلاندى. باش — ئايىغى يوق جېدەلگە، تۈن قاراڭغۇسىدا يىراقلارغا كېتىدىغان نالە — پەريادقا سەۋەب بولغىنى دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

ياقۇپ ھۇجرىسىغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئاستا بېرىپ كارىۋاتتا روھسىزغىنا ئولتۇردى. چاشقاننىڭ ھەرىكىتى ئەمدى توختىغانىدى. ياق توختىغان ئەمەس، بايىقىدىن بەكرەك كۈچەيگەن بولسىمۇ ياقۇپنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. پەقەت يىغا ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. دىمىق ھۇجرىنىڭ ھەممە بۇلۇڭلىرىدىن «بۇ يەردىن كەت، تېز يوقال» دېگەن غايىۋى

سادا كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ياقۇپ راستىنلا كەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. ئەمما نەگە كېتىدۇ. ئۇنىڭ نەدىمۇ باش تىققۇدەك ماكانى بولسۇن! چاشقاننىڭ جېنىدا كولىغان تۆشۈكى بار. ئاشۇ كىچىككىنە تۆشۈك ئۇنىڭ ئۆيى. جانىجان ماكانى. ئۇنى ماكانىدىن ھېچكىمشى قوغلىۋېتەلمەيدۇ. باشقا يەر-لەردە يەكلەنسە، خورلانسا تۆشۈكىگە كىرىۋالىدۇ-دە، غەمسىز ياشاۋېرىدۇ. ئەمما ياقۇپچۇ...

يەر-جاھان سۇبھى كۆرۈنۈپ سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا كونىرىغان بېرزىنت سومكىسىنى كۆتۈرگەن ياقۇپ ھۇجرىدىن چىقتى. ئەتراپ تىمتاس. سەھەر شامىلى تەنگە ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى. ئالدىراپ قوندىقتىن چۈشكەن بىر نەچچە ئاق مېكىيان ھويلىدا دانلاپ يۈرۈشەتتى. ياقۇپ ئاخشام جېدەل چىققان ئۆيلەرگە شۇندىقلا قاراپ قويۇپ مېغىزرەڭ سىرلانغان قوش قاناتلىق دەرۋازىنىڭ ئىلغۇچىنى پەم بىلەن ئاچتى.

× ×

ياقۇپ كىچىك ئوغلى زاكىرنىڭ ئۆيىدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى. بۇ ئارىدا چوڭ ئوغلى ھەسەن ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ ئىزدىرىكىنى قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان، كۈنلىرى غەمىلىك ئىدى. بۇ ئۆيدە ھەسەننىڭ ئۆيىدىكىدەك ئايىغى ئۆكسۈمەيدىغان جېدەللەر تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ياقۇپ ھامان قورۇنۇپلا يۈرەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يەردىنمۇ جۆنەشكە مەجبۇرلايدىغان بىرەر شەپىنىڭ ئاڭلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ قىياس قىلغان ئىش يۈز بەرمەي قالمىدى. زاكىرمۇ ئەسلى ماھىيىتىنى ئانچە ئۇزاق يوشۇرالمىدى.

— دادا، — دېدى زاكىر كەچلىك غىزادىن كېيىن، — راخمان ئىسىملىك بىر ئاغىنىمىز سالام دېدى.

— باركاللا، — ياقۇپ بۇرۇنقى تونۇش-بىلىشلىرىنى بىر-بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى-يۇ، راخماننى ئېسىگە ئالالمىدى.

— قارا ياغاچ جاڭگىلىدىكى خىش زاۋۇتىدا ئىشلەيدىكەن. — قوشۇمچە قىلدى زاكىر دادىسىنىڭ تەئەججۈپلىنىۋاتقانلىقىنى پەملەپ، — سەل پاكارراق، ساقاللىرى سىزنىڭكىدىن ئاقارغان كىشىكەن.

— قايسى راخمان بولغىيدى ئۇ...

— ئۇنىتۇپ كەتكىنىڭىزنى قاراڭ. سىزنى بەك سېغىنغاندەك قىلىدۇ. ئەھۋالىڭىزنى تەپسىلىي سورىدى. ياشىنىپ قالغىنى بىلەن شۇنداق تېمەن، شوخ ئادەمكەن.

ياقۇپ راخمان توغرىسىدىكى مەجھۇل خەۋەرگە ئانچە قىزىقمىغانىدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە زاكىر ئاشۇنداق خەۋەردىن يەنە بىرنى يەتكۈزدى.

بۈگۈن ئەمەت قارى ئىسىملىك بىر دوستىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم دادا.

— ئەمەت قارى...؟

— ھەئە، ئۇمۇ راخمان دېگەن كىشى بىلەن خۇمداندا ئىشلەيدىكەن. چىرايىغا چۈشكەن قورۇقلارغا قارىسا سىزنىڭ دادىڭىزدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما دۇتارنى شۇنداق پەيزى چالىدىكەن، مانا ماۋۇ خەتنى ئەۋەتتى. — زاكىر زىغىر رەڭ سارجا چاپىنىنىڭ تۆش يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ خاتىرىنىڭ ۋاراقىغا يېزىلغان ئالىقانچىلىك چوڭلۇقتىكى خەتنى چىقاردى-دە، دادىسىغا سۇندى.

www.uyghurkitap.com


ياقۇپ كەينى - كەينىدىن پەيدا بولۇپ قالغان نا ئېنىق دوستلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى يادىغا ئالالماي سەل ئەجەبلەنگەن بولسىمۇ خەتنى ئوقۇپ باقماقچى بولدى. يېڭى ساۋاتى چىققان ئۆسمۈرنىڭ شام يورۇقىدا ئىشلىگەن تاپشۇرۇقىدەك گادىرماچ يېزىلغان بۇ سالام خەتتە مۇنۇلار بايان قىلىنغانىدى. «سالام ياقۇپ: ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ تۈرمىدىن ساق - سالامەت قايتىپ چىققىنىڭدىن خەۋەر تېپىپ تولىمۇ خۇشال بولدۇق. ئىنسان ھايات مۇساپىسىنىڭ ئاخىرقى دوقمۇشلىرىغا كەلگەندە تولىراق ئۆتكەنكۈنلىرىنى ئەسلەشتىن ھۇزۇرلىنىدىغان، دوست- يارانلىرى بىلەن مۇڭدىشىشتىن تەسەللى تاپىدىغان بولۇپ قالىدىكەن. تالاي قىسمەتلەرگە شاھىت بولغان بىر نەچچە مويسىپىتنى تەقدىر بۇ خۇمدانغا جەم قىلغانىدى. ئارىمىزدا سەن بولمىغىنىڭ بىلەن ھامان سېنىڭ گېپىڭنى قىلىشىپ، كەچمىشلىرىڭ ئۈچۈن ئېچىنىپ يۈرۈۋاتىمىز. ئاڭلىساق بالىلىرىڭنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېتىپسەن. بىزدەك ياشتا چوكىيىپ قالغانلارغا نىسبەتەن باشقىلارغا بېقىنىپ ياشاش ھەرگىز مۇناسىپ كەلمەيدۇ. شۇڭا قەلبىمىزدىكى دوستلۇق رىشتىسى سېنىڭمۇ ئارىمىزدا ھازىر بولۇشۇڭنى ئىستىمەكتە. ئادەم ھالىغا يارىشا جىسمانى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرسا تەن سالامەتلىكى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەقدىرداشلار جەم بولساق كۆڭلىمىزنى بىئارام قىلىدىغان ئاچچىق ئەسلىمىلەر ئۇنتۇلۇپ، ئاخىرقى ئۆمرىمىزنىڭ خۇشاللىق بىلەن داۋام ئېتىشىدە شەك يوق. شۇڭا سەۋەبكۆرسەتمەي خۇمدانغا كەلگەيسەن. دوستلىرىڭدىن راخمان، ئەمەت»

ياقۇپ ئويلىنىپ قالدى. «بۇ خەت زادى كىمنىڭ؟ مېنى خۇمدانغا بېرىپ ئىشلەشكە ئالدىرىتىۋاتقان كىم. مەيلى، كىمنىڭ بولمىسۇن ئۇ ئاددىي بىر پارچە مەكتۇپ ئەمەس، مېنىڭ ھايات يولۇم ئۈچۈن يېقىلغان مەشئەل. مەن خۇمدانغا بېرىپ ئىشلىشىم، ئۆز ئەجرىم بەدىلىگە جان بېقىشىم كېرەك. بالىلارغا يۈك بولۇش ئەرگە مۇناسىپ ئەمەس.

كەنتنىڭ ئىككى چاقىرىم نېرىسىدىكى تۈپتۈز كەتكەن شىۋاقلىقتا قىش-ياز ئىش توختىمايدىغان، ئىشلەيدىغان ئادىمى، خېرىدارى كۆپ بىر خۇمدان بار ئىدى. مەھەللىدە تۇرۇپ قارىغاندا خۇمداننىڭ تورخۇنىدىن ئەلەڭگۈپ چىققان قارا ئىس ئاسمان قەھرىگە قاراپ توختاۋسىز ئۆرلەۋاتقان بۇلۇتقا ئوخشايتتى. خۇمدان ئۈستىدە تۇرۇپ قارىغاندا بۇ قايناम - تاشقىنلىق قەدىمكى مەھەللە بۈك - باراقسان باغچىدەكلا كۆرۈنەتتى. يېقىن ئەتراپتىن ئىش ئىزدەپ كەلگەنلەر خۇمدانغا ئوت قالاش، تراكتور-ماشىنىلارغا قىش بېسىش بەدىلىگە بازار خەجىسىنى تېپىۋالاتتى. ياقۇپمۇ شۇلارنىڭ توپىغا قوشۇلدى. ئەمما بۇ يەردە راخمانمۇ، ئەمەتمۇ يوق ئىدى. ياقۇپ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان يالاڭباش يىگىتلەرلا ئىشلەپ يۈرەتتى. ياقۇپ ئوغلىنىڭ يالغان دۇئايى سالام ئېلىپ بارغىنى ئۈچۈن رەنجىپمۇ يۈرمىدى. چۈنكى بۇ يەردىكى جىسمانىي ئەمگەك سەل جاپالىق بولغىنى بىلەن روھىي جەھەتتىن ئازادىچىلىككە ئېرىشكەنىدى.

— ياقۇپ ئاكا، - دېدى خۇمداننىڭ

باشلىقى ماشىنا كوزۇپىدىن كۆمۈر تۆكۈۋاتقان ياقۇپنىڭ قازانىدەك قارايغان چىرايىنى كۆرۈپ، — سىز بۇ يەرگە كەلگەنىدىن بېرى كۆپ كۈچ چىقاردىڭىز. لېكىن يېشىڭىزغا ماس بولمىغان جىسمانىي ئەمگەك زىيادە چارچىتىپ قويىدۇ. شۇڭا خۇمدانىنىڭ قاراۋۇللۇقىنى قىلسىڭىز بولارمىكىن.

— ئۆزلىرى نېمە ئىشقا قويسىلا شۇنى قىلاي ئۇكام. — جاۋاب بەردى ياقۇپ گۈرجەك سېپىغا تايىنىپ قەددىنى تەسلىكتە رۇسلاپ.

— كېچىسى ئەتراپىنى ئوبدان كۆزىتىپ كۈندۈزى ئارامخۇدا ئۇخلىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ.

ياقۇپ كۆزەتچىلىكنى باشلىغان تۇنجى كېچىسى قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. ئۇ بوران بېسىققىچە ئەندىشىدىن نېرى بولالمىدى. قاچانلا بوران چىقسا شۇنداق ئەندىشىگە پاتاتتى. چاڭ - توزان، غازاڭ، ھەتتا ئاددى بىر ئوت - چۆپنىڭ پارچىسىمۇ ئۇنى مارلاپ كېلىۋاتقان پېشكەللىكتەك تۇيۇلاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ۋەيرانچىلىققا يولۇققان ۋاقتىمۇ دەل مۇشۇنداق قارا بوران قوترىغان كېچىسى باشلانغانىدى...

ئون نەچچە يىللار ئىلگىرى، يېزىلىق ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىنىڭ بوغالتىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ياقۇپ، ناھىيىلىك خەلق بانكىسىدىن ئاجرىتىپ كەلگەن ئوتتۇز مىڭ يۈەن نەق پۇلنى مېغىزرەك سىرلانغان ئىشكاپىتىكى تۆمۈر ساندۇققا سالدى. بۇ پۇل ئەتەھەر قايسى كەنتلەردىكى قۇتقۇزۇۋېلىش ئائىلىلىرى ئۈچۈنسەرپ قىلىناتتى. ياقۇپ ئىشىك-دېرىزىلەرنى مەھكەم تاقاپ ئۆيىگە قايتتى. ھاردۇق چېيىغا ئەمدىلا ئېغىز تېگىۋىدى قارا بوران باستۇرۇپ كەلدى. خۇددى بۇگۈن كېچىدىكىدەك قوپال ئاۋازدا ھۆركىرەپ، چاقماق چېقىپ، تاڭ ئاتقۇچە توختىمىدى. ئەتىسى ئىشخانىغا ئالدىراپ كىرگەن ياقۇپ تۆمۈر ساندۇقنى ئېچىپلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىكى پۇل يوق ئىدى. ئالدىراپ ئىشقا كىرىشكەن رازۋېتچىكلار ھەر يان يۈگۈرۈپ يۈرۈپمۇ ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى. كۆزنەكلەردۇ، ئىشىكۋە ئىشكاپنىڭ قۇلۇپلىرىمۇ ھازىرسېلىپ قويۇلغاندەك ساق - سالامەت ئىدى. ئەتراپتىن گۇمانلىق ئىزلارنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. بوران ئوغرىنىڭ ئىزىنى پاك - پاكىز كۆمۈپ تاشلىغانىدى.

— پۇلنى ئۆزۈڭ ئوغرىلاپسەن! — دېدى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ مۇشۇ ئەنزىگە مەسئۇل خادىمى ياقۇپنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ.

— ياق سوجاڭ، مەن ھەرگىز ئۇنداق ئىش قىلىدىغان ئادەم ئەمەس.

ياقۇپ ئۆزىنى ئاقلىيالمىدى. ئۇنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى ھېچكىمنىڭ گۇمانىنى بۇزۇۋېتەلمىدى. ساقچىلارنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلغان خىيال قۇشلىرى ھەر قايسى ئېھتىماللىقلارنىڭ ئۈستىنى بىر - بىرلەپ ئايلىنىپ يەنە ياقۇپنىڭ بېشىغا قوناتتى. ئۇنىڭدىن يېراقلاپ كېتەلمەيتتى. پۇلنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقۇلۇشى ياقۇپ ئۈچۈنمۇ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان مۇرەككەپ سىر بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى.

جىنايەت ياقۇپقا بېكىتىلدى. ئۇنىڭ قورۇ - جايلىرى ئۈچ مىڭ يۈەن ھېسابىدا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، ئون ئۈچ يىللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر قېتىم چىققان بوران ئاشۇ ئەسلىمىنى ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىپ ئۆتىدىغان، ساقايماس دىل يارىسىنى تاتىلايدىغان بولۇپ قالدى.

× ×

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. ياقۇپ قاراۋۇللۇققا كۆنۈپمۇ قالدى. خومداننىڭ يېنىدىكى پاكارغىنە كىچىك ئۆي ئۇنىڭ ماكانى ئىدى. ئۆيىنىڭ قارايغان تام-تورۇسلىرىدىن پۇرۇلداپ توپا قوپۇپ تۇرسىمۇ، يازدا دىمىق، قىشتا سوغۇق بولسىمۇ، پەگادا! قورت-قوڭغۇزلار ھەريان ئۆمىلىشىپ يۈرسىمۇ، ئۆي ياقۇپ ئۈچۈن شۇ قەدەر سۆيۈملۈك كۆرۈنەتتى. بۇ ئۆيدە تېنى يايراپ ئۆزىنى بەختلىك سېزەتتى. ئۆيدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. كېچىسى سىرىق ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ خومدان ئەتراپىدا توختىماي ئايلىنىپ، كۈندۈزى ئۆزىنى شېرىن ئۇيقۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇۋېتەتتى. ئۇيقۇسى تۈگىگەندە بوز تورغاينىڭ چۇچۇلاشلىرى ئۆكسىمەيدىغان شىۋاقلىق دالىدا مەقسەتسىز ئايلىناتتى. ئانچە ئېگىز بولمىغان تاقىرباش دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ ئۇزاقتىن-ئۇزاق خىيال سۈرەتتى. خىيالىدا ھامان يىراقلاردا قالغان ۋاپاسىز بورانلىق كېچە ھۆكۈمران ئىدى. يوقالغان پۇلنى ئەسلەيتتى. پۇلنىڭ كىم تەرىپىدىن ئوغرىلانغانلىقىنى قىياس قىلىشقا ئۇرۇناتتى...

ھاۋا شالاڭراق بىر ئەتىگىنى ئىدى. تراكتور-ماشىنىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئوڭغۇل-دوڭغۇل يول بىلەن ئېغىناقلاپ كەلگەن قارا پىكاپ ياقۇپنىڭ ئۆيى ئالدىدا توختاپ، ئۇنىڭدىن ھەسەن چۈشتى. ياقۇپ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى باشقىلارنىڭ ئۇنى يوقلاپ كېلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى.

— ئوبدان تۇردىڭىزمۇ دادا، — دېدى ھەسەن ياقۇپنىڭ قولىنى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل مېھرىبانلىق بىلەن چىڭ سىقىپ: — خىزمىتىم ئالدىراش بولۇپ قېلىپ سىزنى ۋاقتى-قارايىدا يوقلىيالمىدىم. ماشىنىغا چىقىڭ ئۆيگە كېتىمىز، — كەپە ئالدىدا تۇرغان پىكاپنى قول ئىشارىتى بىلەن كۆرسەتتى ھەسەن.

— مېنىڭ ئۆيۈم مۇشۇ، — ياقۇپ كەپىگە چىناپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — باشقا جايدا ئۆيۈم يوق.

— ئۇنداق دېمەڭ دادا، مېنىڭ ئۆيۈم سىزنىڭ ئۆيىڭىز. ئەمدى مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرىسىز، ھېچيەرگە بارغۇزمايمەن.

— مەشەدە ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن، بۇ يەردىن كەتكۈم يوق، — ياقۇپ ئارقىسىغا داجىپ ئۈستىلەپ تىزىپ قويۇلغان خىشتا ئولتۇردى-دە، ئېغىر خورسىنغىنىچە يەرگە قاراۋالدى.

— مەن ئەيىبلىك دادا! — ھەسەن ياقۇپنىڭ ئالدىدىكى يۇمشاق سېغىز دۆۋىسىگە گۈپپىدە تاشلاندى. ئۇنىڭ ئىككى تىزى سېغىزغا بىر غېرىچچە پېتىپ، يېڭى دەزمالانغان قارا سارجا شىمى بۇلغىنىپ كەتكەنىدى. كۆز ياشلىرى كىرپە تىكىنىدەك ساقال باسقان زاڭقىنى، قارا كاستيۇمىنىڭ ياقىلىرىنى بويلاپ ئۈزۈلمەي ئېقىپ چۈشەتتى. ئۆمچەيگەن ئېغىزى توختىماي بىر نېمە دەيتتى. ئۇنىڭ سۆز ۋە باشقا ئىپادىلىرىدىن «مېنى كەچۈرۈڭ، مېنى ئەپۇ قىلىڭ» دېگەنلىكىنى بىلگىلى بولات-

تى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ياقۇپنى تەسىرلەندۈرمەي قالمىدى. ئۇزاقى يىللاردىن بېرى ھىجران دەشتىدە زارىققان سۇنۇق كۆڭلى ھەسەننىڭ ۋاپاسىزلىقىنى كەچۈرگەندى.

× ×

— ئوبدان تۇردىلىمۇ دادا، مەن سىلىنى بەك سېغىندىم، — دېدى سەلىيمە دەرۋازا ئالدىدا پىكاپتىن چۈشۈۋاتقان ياقۇپنىڭ كىيىملىرىدىكى توپا - چاڭنى قېقىشتۇرۇپ.

بىر يىل بۇرۇن چىقىپ كەتكەن ھويلىغا قايتا قەدەم باسقان ياقۇپ بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ھويلىنىڭ تېگىگە كۆك قۇمخىش ياتقۇزۇلغان، تاملارغا پارقىراق چاق - چۇق چاپلانغان بولۇپ پۈتۈن قورۇ بۇرۇنقىدىن ھەشەمەتلىك كۆرۈنەتتى.

— ئاۋۇ ئۆيدە مۇنچا بار، ئوبدان بىر يۇيۇنىۋېلىڭ دادا، — ھەسەن ياقۇپقا ئالدىنقى يىللى بىر نەچچە كۈن پاناھلىق بەرگەن ھۇجرىنى كۆرسەتتى.

— ماۋۇ كىيىملەرنى ئالماشتۇرۇۋالسىلا دادا، — سەلىيمە چوڭ بىر بوغچىغا چىگىلگەن يىپ - يېڭى كىيىملەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ مۇنچىغا قورۇنۇپقىنا كىرىپ كېتىۋاتقان ياقۇپقا تۇتقۇزدى. بۇ كىيىملەرنى تۈنۈگۈن ياقۇپقا ئاتاپ سېتىۋالغانىدى.

ھەسەن خۇمداندا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى. ئەر - ئايال ئىككىلىسى ياقۇپنىڭ ئالدىدا پايپېتەك ئىدى. ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ چاچ-ساقاللىرىنى يېڭىدىن ياساتقان ياقۇپقا خېلىلا سالاپەت كىرىپ قالدى. ئۇ بالىلىرىنىڭ تۇساتتىن ۋاپادار بولۇپ قالغىنىغا خۇشال بولاتتى. ئەمما بۇ قىزغىن كۈتۈشلەرنىڭ تېگىدە يېڭىچە

بىر شۇملۇقنىڭ ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. بۇ يەردىكى ئويۇن ئىككى ئوغۇل دادىسىنى تالىشىۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە ئاشكارىلىنىپ قالدى.

— دادامنى مەن ئېلىپ كېتەي ئاكا، — دېدى زاكىر چىنىدىكى چايدىن بىر يۇتۇم سۈمۈرۈپلا.

— دادام ئەمدى مەشەدە تۇرىدۇ، — سەپرايى ئۆرلىگەن ھەسەن كېسىپلا جاۋاب بەردى.

— سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ئالدىراش، دادامغا ئوبدان قارىيالمايسىز.

— ئوغۇلنىڭ چوڭى مەن، دادامغا ئۆزۈم قارىشىم كېرەك.

— سىزگە قارىغاندا مەن ئازادىراق، دادامنىڭ يېنىدىن نېرى بولماي خەۋەر ئالىمەن.

— خۇمدانغا ئاپىرىپ قويۇپ خويمۇ ئوبدان خەۋەر ئالدىكەنلا، — دېدى سەلىيمە گەپكە ئارىلىشىپ.

— ھوي خېنىم، سىلىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۆيلىرىدىن ھەيدىۋەتكەن ئەمەسمۇ، — دېدى زاكىرنىڭ خوتۇنى پاتىمە.

— ئۆتۈپ تۇرسىلا سىلىگە گېپىم يوق.

— مېنىڭمۇ سىلىگە گەپ قىلىدىغان چولام يوق. دادامنى ئېلىپ كەتسەكلا ئىش تۈگەيدۇ.

— بۇ يەرگە دادا ئىزدەپ كەلگەن بولسىلا ئادىشىپلا، سىلىنىڭ دادىلىرى تۇلغاشتا پېتقا تالىنىپ ياتقاندۇ، دادا لازىم بولسا شۇ يەرگە بارسىلا.

پاتىمەنىڭ ئەسلى يۇرتى تۇلغاش دېگەن يېزا بولۇپ، كېسەلمەن دادىسى يېقىندىن بېرى ئۆيدە يالغۇز قالغانىدى. سەلىيمەنىڭ گېپىدىن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلغان پاتىمە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ چېچىغا چاڭگال سالدى.

(ئاخىرى 89 - بەتتە)

ئىمىن مەھمۇدى

# قايتىش ...

( ھېكايە )

بۇ يەرگە كېلىپلا ھەممىگە تويىماي
قاراپ كەتتىم . ۋاي - ۋۇي قارىمام -
سىز ، كۆكۈت قېپىدەك ئۇستى - ئۇستىـ
لەپ تىزىلىشىپ كەتكەن ئاۋۇ قەۋەت - قە -
ۋەت بىنالارغا ، مانا ماۋۇ كوچا - رەسـ
تە ۋە ئىككى قاتتىكى گۈللەر ...

ۋاي ! ۋاي ! ئۇھ ۋايجان ، خۇدايـا
شۈكرى ! ھەر نېمە بولسا ئامان قالدىم.
ئالدىمغىلا كېلىپ ، پۇشقاقلىرىدە تىنىپ
توختىغان بۇ ئۆلگۈر ماشىنا جېنىمنى
ئالاي دېدىغۇ . ئۇنىڭ ئېغىر پۇشۇلدى-
شىدىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قال-
دى . ئەمدىلا ھوشۇمنى يىغىپ ئايلى-
نىپ ئۆتەي دېيىشىمگە ، چاينىغاپ پۇر -
كۈۋېتىدىغان ئاچچىقى بىلەن تىكىلىپ
تۇرغان شوپۇر :

— كۆزۈڭنى ئېچىپ ئوڭ تەرەپتىن
ماڭ موخۇر ! - دېدى سەت ئالىيىپ .
ھەر نېمە بولسا ئۇرمىدىغۇ ، دەيمەن
ئىچىمدە . ئەمما شوپۇرنىڭ ھاقارىتى
كۆڭلۈمنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ ، مېڭىشىمـ
دا كىشىلەرگە قانچە دوقۇرۇپ كەتتىم .
پىيادىلەر يولى بىلەن كېتىۋاتقىنىمدا
ئۇدۇلۇمدىن بىرى ئورۇق ئېگىز ، يەنە
بىرى دىقماق ئىككى بالىنى قوغلاپ
كېلىۋاتقان يېرىم يالىڭاچ بىر ساراڭ-
نى كۆرۈپ يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ قال-
دى . باش - كۆزىنى تامامەن يۇڭ - چۇ-
پۇر يېپىپ تۇرغان جۇلدۇر كېپەن قە -
يا پەت ماڭا يېقىنلاپ قالغانلىقىدىن
كەينىمگە يېنىپلا شۇ بالىلارغا قوشۇ -
لۇپ قاچتىم . قېچىۋېتىپ : « مەن يا
گۇناھ قىلمىسام ، نېمىشقا قاچاتتىم »،
دەپ ئويلاپ ئاستىلىدىم . تېخى توختا-
توختىماستا ساراڭ كېلىپلا مېنى دۈم -
بالاپ كەتتى . ساراڭنى ھېچكىم تۇتۇ -
ۋالمىدى ، خورلۇق دەردىدىن سىقىلىپ
كەتتىم . كۆز يېشىم توختايدىغاندەك
ئەمەس . ئۆپكەمنى باسالماي خېلىغى-
چە يىغلىدىم. مەڭزىمنى بويلاپ ئاققان
تۇزلۇق ياش لەۋلىرىمگە سىڭىشىپ
بارماقتا . بۇرنۇمنىڭ قېنىمۇ ھەدەپ
ئاغزىمغا كىرىپ كېتىپ ئېرىتىپ بولال-
ماي ئاۋارە بولىمەن .

قورسىقىمنىڭ ئاچقىنىدىن بايىقى
دەرد ئاستا - ئاستا بېسىلدى. مەيدەم
ئاغرىپ چىدالماي كەتتىم . نەدە، نېمە
يېيىشىمنى بىلمەيمەن. ئاشخانا ، ئۆي -
لەرنىڭ دېرىزە - تۈرخۇنلىرىدىن تارـ
قان غىزالارنىڭ پۇراقلىرى دىمىغىمنى
غىدىقلاپ ، ئىشتىھايىمنى ئۆرلىتىۋەت-
تى . بولۇپمۇ زىرە ، ئاقتۇز سېپىلگەن
كاۋاپنىڭ تۇتۇن ئارىلاش پۇرىقى ئاغـ
زىمغا سېرىق سۇ يىغىلدۇرۇپ تۇراتتى.
ئۈچەيلىرىم تېخىمۇ تارتىشىپ ، قور -
سىقىم ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى .
قەددىمنى تىك تۇتاي دېسەممۇ ئالدىمـ
غا ئېگىلىپ باراتتىم . پات - پاتىلا
ئىچىمدە بىر نېمە كۈركىرايتتى . ئويـ
لىسام يانچۇقۇمدا سىنتىمنىڭ سېرىقىمۇ
يوق ، شۇ تاپتا ئۆيدە بولغان بولسام-
غۇ گۆشلۈك غىزا يەيتتىم ، قەنەدە گۆش

قالغان. ئۇلار قانچىلىك پايپېتەك بولۇشتىكەن، بولۇشسۇن، قانچىلىك ئاۋارە بولۇشسىمۇ ئاز ئېدى. بىر بوي تاسىمىلىق رەختنى دەپ شۇنچە قىلىشتىغۇ...

— ئىسسىق - ق - ق !!!

تونۇر بېشىدا ئولتۇرغان ناۋاي ئىككى قولىقىنى ئەزان ئېيتقاندەك تۇتۇۋېلىپ كانىيى يىرتىلغۇدەك توۋلايتتى. ئاچىنىڭ كۆزى ئاشتا. پەشخۇندىكى بىر - بىردىن ئۈز پىشۇرۇپ تىزىۋەتكەن مەڭزى قىزىل نانلار مېھرىنى ئېخىمۇ تارتىپ، كۆزلىرىمنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى. تۆكۈرۈكلىرىمنى غۇرت - غۇرت يۇتۇپ، شۇ ياققا بۇرۇلسام،

— كەل يىگىت، كەل. سەندەك ئوغۇل بالىلار يەيدىغان گۆش گىردە بۇ، - دېمەسمۇ. سۇنۇق كۆڭلۈم قەۋەتلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. بۇ يەرگە كېلىپ ئېخى بىر كىم مېنى « يىگىت، ئوغۇل بالا » دەپ باقمىغانىدى. پاخپاق چاچلىق بۇ ياش ناۋايغا بۆلەكچە زوقلىنىپ كەلدىم.

— ئال يىگىت، ئال. ئالغۇڭ كەلمەيۋاتامدۇ - يا؟

— ئالغۇم كەلمەيدىغان، چاينىما يلا يۇتۇۋەتسەم دەيمەن.

— مانا ساڭا خىلىلاپ ئالدىمغۇ، ئەرزىمىسە پۇل بەرمە.

بىچارىلىقىم تۇتتى، بوينۇم قىسىلدى.

— ئاكا، ماڭا بىر نان بەرسىڭىز، سۇ توشۇپ بەرسەم...

ناۋاي تونۇر بېشىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ياقامنى بوغدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان بۇ ئىشقا ھەتتا ئىشىن نەلمىدىم. ئاچلىقتىن كۆڭلۈم ئايىنىۋاتسا كېرەك.

— سەن ئىككەنسەن - ھە، مۇنا پىق!؟ سەن توڭغۇز بىزنى يەنە ئالدىغىلى كەلدىڭما؟!...

ياق، بۇ مېنىڭ ئۆچۈم ئىكەن، ھاڭ - تاڭ قالدىم. ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمدىن ئەجەبلىنىشنى تۇيسا كېرەك:

— قايسى كۈنى سۇ توشۇپ بېرىمەن، دەپ دادامدىن ئالغان ئىككى چېلەكنى كىمگە ساتتىڭ، ئېيتە؟!

بىردىنلا ئىشىنىڭ تەكتىگە يەتتىم.

— ئۇ مەن ئەمەس ئاكا، بولمىسا...

كانىيىم بوغۇلۇپ ئۈنۈم چىقماي قالدى. شۇ ئەسنادا ئۆيدىن چىققان چار ساقال بىر دۈمچەك ماڭا بىر قۇر قاراپ چىقىپ، نەزەرىنى چىرايىمدا چىپپىدە توختىتىپ، سىنچىلاپ قارىدى - دە:

— بۇ ئەمەسكەن، ئۇنى قويۇۋەت بالام، كۆرسەم تونۇيمە ئۇ ھارامنى. چىرايى سېرىق، سەپكۈن يۈز...

— شۇ بولمىسا، شۇنىڭ شېرىكى. ھەممىسىنىڭ تومۇرى بىر بۇ كوچۇكلەرنىڭ. كىم بىلمەيتتى، ھەممىسىلا بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ، - ئۇ شۇلارنى دەپ، بىرلا ئىتتىرىۋىدى، يىلتىزى يوق غولدەك كول - چوچىلا دۆۋىسىگە دومىلاپ چۈشتۈم.

— نېرى كەت خۇمپەر! ئىككىنچى بۇ تەرەپتە كۆرۈپ قالسام، توڭكىيىڭنى چېقىۋېتىمەن!

ئۇ شاللاق خوتۇنلاردەك ۋالاقلاپ قالدى. ناھەق ئىزا - ئاھانەتتىن بوغۇلۇپ كەتتىم. كۆز كۆلچىكىمگە توشقان قاتمۇقات ياش چەمبىرىكى كۆزلىرىمنى غۇۋالاشتۇرۇپ، ھېچنېمىنى كۆرەل-

مەي كېتىپ بارىمەن . كۆڭلۈمنى خور-
لۇق ، ئاچلىق ، پۇشايمان ئازابلىرى
قىينىماقتا . كۆزلىرىمگە تولغان دۈگى-
لەك - دۈگىلەك ياشلار قايسى كۈنى قې-
يىداپ ئىچكىلى ئۈنىمىغان چۆچۈرە
شەكلىگە كىرىۋېلىپ زادى بۇزۇلغىلى
ئۈنىمىدى .

قورسىقىمنىڭ ئېچى ئەمدى بىلىن-
مەيتتى . ئەمما ھالىم قالمىدى . بېرى
يول ياقىسىدا شاپتۇل يەپ ، شۆپۈك ۋە
ئۈچكىلىرىنى دۈۋىلەپ قويۇپ قوپۇپ
كېتىپتىكەن ، يولغا كەينىمنى قىلغان
پېتى گىژىلدىشىپ ئولاشقان چىۋىنلەر-
نى ئۈركۈتكەچ ئولتۇرۇپ شۆپۈكلەرنى
چالا قويماي تىرىپ يېدىم .

× ×

تىلەمچىلىك ئۆيات ئىش بولسىمۇ ،
ئاچ قالمىدىم . پارچە - پۇرات ، قاتى-
تىق - قۇرۇق بولسىمۇ يېدىم . قايسى
كۈنلىرى كۆزۈمگە سۈرتكىدەك بولغان
نان مۇشۇغۇ . پۇل تېپىپ ، كىرا قى-
لىپ كېتەي دېۋىدىم . بىر كىم ئالىقى-
نىمغا پۇل سالار ئەمەس . قەيەردىلا
ماشىنا توختىسا قېشىغا بىر چاپىمەن :
بىرەر رەھىمدىل شوپۇر چىقىپ قالسا ،
ئالغاچ كېتەر دەپ تىلەيمەن . ئەمدى
ئىككىنچى ئۆتكەنكىدەك ئۆزۈمچە ئېسى-
لىپ چىقمايمەن . « پىگەنىزدىنى بىر
كىمگە تاشلاپ بېرىپسەن » دەپ تاسلا
قالدىغۇ ساقچىغا تۇتۇپ بەرگىلى ...نان
تاپمىسامۇ پۇل تاپسام بولاتتىغۇ .

بۈگۈن كەچكە يېقىن غەرب تەرەپتىن
سۈرۈلۈپ كەلگەن بوز رەڭ بۇلۇتلار
بىردىنلا شارقىرىتىپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى .
يېلىڭ كىيىملىرىم بىلەن راسا تۈگ-
دۈم . ئەتىگەندىلا تىلەپ يىگەن كەم-
پۈت بىر چىشىمغا ئاغرىق كىرگۈزۈپ
قويغانىدى . شۇ چىشىم ئۇزىراپ قاپ-
تىكەن ، چىشىم-چىشىمغا تەگسىلا قېقى-
لىپ ئاغرىپ ئىلالىقىمنى قويمىغانىدى .
مانا ئەمدى توڭۇپ ئۈگە - ئۈگىلىرىم
جۇلىقى چىققان ئەسكى ماتۇردەك جا-
لاقشىپ تىترەيتتى . چىشلىرىم كاسىل-
داپ ئۆسۈپ قالغان چىشىم قېقىلىپ -
سوقۇلۇپ جانغا جاق تويغۇزدى . چىش-
لىرىمنى چىڭ چىشلىۋېلىپمۇ كاسىل-
داشتىن توختىتالمىدىم . بارغانچە سو-
غۇق ئۆتمەكتە . تونۇرلارنىڭ گىۋەن-
لىرىنى يامان بالىلار ئىگىلەپ بوپتۇ .
بىر لەمپىنىڭ ئاستىغا كىرىپ تۈگۈ-
لۈپ ياتتىم . ئۆزۈمنى ئۇيقۇغا زورلاپ
يېتىپ ، بىر چاغدا كۆزۈم ئۇيقۇغا ئى-
لەشكەنىدى ، يۈزۈمگە نېمىنىڭدۇر ئىس-
سىق نەپەسى ئۇرۇلۇپ ، مۈشۈكنىڭكى-
دەك بۇرۇتلار غىدىقلاپ ئۆتتى . كۆ-
زۈمنى ئاچسام بىر ئىت مەندىن سەل
يىراقلاپ بېرىپتۇ . ئىتنىڭ تېرىسىنى
كۆرسەممۇ شۇنچىلىك قورقاتتىم ، يۈ-
رىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ جان - پېنىم
چىقاي دېدى . ئاستا ئورنۇمدىن تۇراي
دېسەم ، پۇت - قوللىرىم لاكات ، ئۆ-
زۈمنى تىكلەر ھالىم يوق ، ئۆمىلەپ
دېگۈدەك كېلىپ ، يېقىنلا يەردىكى تو-
نۇرلارنىڭ بىرىگە چۈشۈپ ياتتىم . يې-
تىپلا ئۇيقۇغا كەتكەن بولسام كېرەك ،
ئۆيدىكىلەرنى چۈشەپتىمەن . ئانام بى-
لەن دادام مېنىڭ توغرامدىن تاپا -
تەنە قىلىشىپ ئازارلاشتى . ئاخىرى
ئاجرىشىمىز دەپ مېڭىشتى . شۇنداق
تۇرۇۋىدى ، بىرىنىڭ قوپال نوقۇشلى-
رى ۋە چالۋاقاشلىرىدىن ئۇيقۇم يېشى-
لىپ چۈشۈم ئۈزۈلدى . بېشىمنى كۆتۈ-
رۈپ قارىسام ، نىمكا تونۇر بېشىدا

قولىدا كۆسەينى تۇتقىنىچە قايناۋې-
تىپتۇ :

— ئەمدى بۇ شۇمتەك نەدىن كەلگەنى-
دۇ ؟ ئاخشامغۇ ھەممىسىنى قوغلىۋەت-
كەن ، تونۇرنىڭ گىۋەنلىرىنى يەمىلەپ
قولۇم تىنمايلا كەتتىغۇ ...

پۇت - قوللىرىم سىرقىراپ، پۈتۈن
بەدىنىم ئۇيۇشۇپ ، ھالىم قالمىغانى-
دى . تىللىرىم شىلاشقان ، گاللىرىم
قۇرىغان ، بىرەر چېلەك سۇ ئىچكىدەك
ئۇسسۇلۇق تۇتقانىدى. تېخىمۇ بەك يا-
مان بولغىنى چوڭ - كىچىك تەرىتىم
قاتتىق قىستاپ ، ئېيتقۇسىز قىينىلى-
ۋاتاتتىم . قېرىشقاندەك شۇنچە سەھەر-
دىمۇ قاياققا قارىسام ئادەم مىغ-مىغ ،
ھاجەتخانا بولغۇدەك بىرەر جاي كۆزۈم-
گە چېلىقمايتتى ھەم ئالدىراپ ، ھەم
قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن . خېلى ماڭغان-
دىن كېيىن بىر ئۆستەڭگە ئۇلاشتىم .
ئۇنىڭدا ئېقىۋاتقىنى قانداق سۇ. خۇدا-
دى... پۇرىقىنى پۇرىماي تۇرۇپمۇ، رەڭ-
گىدىن سەسكىنىسەن . قانداق سۇ بول-
سا بولمامدۇ ، ئۇسساپ ئۆلەي دېگەندە
ھېسابلىشىپ نېمە كەپتۇ . ئارانلا ئىك-
كى ئوچۇم سۇ ئىچكەنىدىم.

— ھوي پاسكىنا ، چىقە بۇياققا ! -
دەپ ۋارقىرىدى بىرى كەينىمدىن . شۇ-
نداق قارىسام ، ئۆسكىلەڭ قاشلىق قو-
شۇمىسى تۈرۈلگەن قامەتلىك بىر ئادەم
ماڭا قاراپ، كۆزىنىڭ پاختىسىنى چى-
قىرىپ كېلىۋېتىپتۇ . نېمە قىلىپ قوي-
غىنىمنى ئويلاپ ئولگۈرمىدىم . «چاڭ»
قىلىپ ئېڭىكىمگە بىر شاپىلاق ئۇ-
رۇلدى .

— ھايۋانمۇ سەن ، شۇنداق نىجا-
سەت سۇنى ئىچكىلى . قارىغىنا ، نېمە
ئۇ ، لەيلەپ كەلگىنى؟

كۆز ئالدىمدىن كۈنجۈرىدەك ساپ-
سېرىق ، كاللەك - كاللەك بىر نېمە-
لەرنى كۆپۈكچىلىتىپ ئۆستەڭ سۈيى
ئېقىپ كېتىۋاتاتتى . كۆزۈمدىن تارام-
لاپ تۆكۈلگەن ياشلار لەۋلىرىمگە سى-
ڭىشىپ تۇزلۇق تەمپەيدا قىلماقتا ئىدى.
ھېلىقى كىشىنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىدى
بولغاي ، پەنجىلىك قولى بىلەن گە-
دەنلىرىمنى سىيلاپ تۇرۇپ ، كۆڭۈل
قويدى . پۈتۈن ئەھۋالىمنى ئۇقۇپ ،
بېشىنى چايقىغان ھالدا :

— يامان قىپسەن ، يامان ، - دېدى-،
ئاتا - ئانا دېگەن بالىنى خۇشى كەلسە
سۆيىدۇ ، يالايدۇ. ئاچچىقىنى كەلتۈر-
سەڭ تىللايدۇ . ئۇرۇپ - دۆشكەلەپ
قوييدۇ. چىدىغۇلۇق ، مانا ئەمدى ئا-
تا - ئاناڭ چىدىغانىمىدۇ . سەن ئۈچۈن
قانچىلىك ئاۋارە بولۇشقاندۇ ...

يۈرىكىم « جىغ » قىلىپ قالدى .
راست ، ئاتا - ئانام قانچىلىك پاي-
پېتەك بولۇشقاندۇ .

— يۈر ، مەن سېنى يولغا سېلىپ
قوياي ، بېرىپ ئاتا - ئاناڭنى خاتىر-
جەم قىلغىن .

قەدەم ئالارغا جېنىم بولامدۇ . پۇت-
قوللىرىم بوشىشىپ لەسسىدە ئولتۇرۇپ
قالدىم . قەيىرىم ئاغرىغىنىنىمۇ بىل-
مەيمەن. ھەممە يېرىمدىن جېنىم تاراپ
چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى . ئاھ ،
ئۆلىدىغان ئوخشايمەن. شۇنچە خورلۇق
تارتىپ ، ئاتا - ئانامنىڭ قەدرىگە
يەتكەندە ، ئۆلار بىلەن قايتا كۆرۈ-
شەلمەي ئۆلىدىغان بولدۇم. ئىچ - ئى-
چىمدىن قىستاپ كەلگەن يىغىدىن سىل-
كىنىپ كەتتىم .

www.uyghurkitap.com



— ھوي، كۆزلىرىڭدىن كېسەل قايناپ تېشىپتىغۇ. چىرايىڭدا قان دىدارى يوق، شېشىدەك ئاقىرىپ كېتىپسەن...

ئۇ يول بويىدىن بىر مەپە چاقىرتىپ، مېنى ياتقۇزدى - دە، ئۇدۇل دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كۆرسەتتى. ئاندىن ئۆيىگە ئەكېلىپ ياتقۇزدى. ئۇنىڭ نېمە ھۈنەر قىلىدىغانلىقىنى ئۇقمىدىم. ئىشىنى قىلىپ ھەممىلا ئادەم ئۇنى «ئۇستام، ئۇستام» دەپ، ئالدىدا قول باغلاپ تۇرىدىكەن. مەن ئۇستامنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈن ياتتىم. ئۇلار مېنى ياخشى كۈتتى. ئۇ بەك كۆيۈمچان كىشىكەن. ئۇنىڭ ئاشۇ ئۆسكىلەڭ قاشلىرى قەلبىمگە ئورناپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مەن ئۈچۈن قىلغان ھەر بىر ئىشى كۆڭلۈمگە ياغدەك يېقىپ، قانائەت ھاسىل قىلغان ھالدا، ئۇلارغا ياخشىچاقلىق بىلەن زوقلىنىپ قارايمەن.

ئىلگىرى بىرەر كېسەل بولۇپ قالسام، ئاتا - ئانام بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق پايپېتەك بولۇشاتتى. مەن بولسام كېسەللىمنى ئاشۇلار سالغاندەك، كىچىككىنە ئاغرىقىمغۇ ۋايۋايلاپ، قاپاقلىرىمنى ئاچماي، گىدىيىپ يېتىۋالاتتىم. ئانامنىڭ قوللىرى پېشانەمدىن ھېچ نېرى بارمايتتى، پۇتلىرىمنى، بەللىرىمنى مۇجۇيتتى. لېكىن بۇ كۆيۈمچانلىقلارغىمۇ غۇدۇراپ دوق قىلاتتىم. مانا ئەمدى ياتلارنىڭ ئادەتتىكىچە كۈتكىنىدىنمۇ خۇشال بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىر ئىشىغا خۇشامەتلىك نەزەرىم بىلەن قاراپ ياتـ

ماقتىمەن. نېمىلا بولمىسۇن كېسەللىمنى باقتى ئەمەسمۇ، مۇشۇنداق چاغدا كوچىدا قالسام قانداق قىلغۇلۇق !؟

مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە يەنە بىر ئىككى كۈن ياتقانمۇ بولارمىدىم. لېكىن ئاخشام تېلېۋىزوردا بېرىلگەن ئادەم ئىزدەش ئېلانى كېسەللىمنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرىۋەتتى. ئېلاندا ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن بىر بالىنى دادىسىنىڭ ئىزدەپ شەھەرگە كىرگەنلىكى، بالىسىغا ئوخشىغان بىرسىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا موتسىكلىت سوقۇۋەتكەنلىكى، ئۇ بالىنىڭ مۇشۇ ئېلاننى ئاڭلىغان ھامان ئائىلىسىگە قايتىشى كېرەكلىكى ئېيتىلغانىدى.

بۇ ئىش گويا مېنىڭ دادامنىڭ، بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەندەك، بېشىمدا چاقماق چاقتى. جېنىم سىرقىراپ تىت - تىت بولۇپ كەتتىم. شۇڭىمۇ بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئائىلىگە قاراپ يولغا چىقتىم. ھېلىقى ئۇستاملار مېنى قاتناش بېكىتىگە ئەكېلىپ يولغا سېلىپ قويدى. ئاپتوبۇسنىڭ تېخىمۇ تېزرەك يۈرمىگەنلىكىگە ئىچىم تىتىلدايتتى.

ئائىلىگە بېرىپ ئانام، دادامالارنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ قانغۇچە يىغلىۋالسام پۇخادىن چىققارمەن. شۇ غەمگۇزارلىرىمنىڭ مېنى دەپ ھالىدىن كەتكەن پۇت - قولىغا ئۆمۈر بويى ھاسا تاياق بولسام دەيمەن. ئاھ، تولىمۇ كېچىكىپ يېتىلگەن ئەقىل !

مەتئابدۇللا باقى

# غەم قىلما، قىزىم

(ھېكايە)

ئۇ «د د ۋ» ئىچىۋېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قۇتقۇزۇۋېلىنغانىدىن كېيىنلا ئاتا-ئانىسى ئاخىرى ئىككىمىزنىڭ توي قىلىشىغا قوشۇلدى.

قىز مېنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرەتتى، مەنمۇ ھەم ئۇنى جېنىمدىن ئەتىۋار بىلەتتىم. بىراق ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى «ئىككى ئېغىز ئەسكى ئۆيدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق يېتىم ئوغلاققا بېرىدىغان قىزىم يوق.» دەپ مېنى كۆرەر كۆزى يوق ئىدى. راست، ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىنىڭمۇ ئاساسى بار ئىدى. رەھمەتلىك ئانام بىلەن دادام مېنى بەش ياش چېغىمدىلا تاغامغا قالدۇرۇپ، ئارقا-ئارقىدىن باقىي ئالەمگە رەھلەت قىلغانىدى. تاغام بارلىقىنى بېغىشلاپ مېنى مىڭبىر جاپادا چوڭ قىلىپ پەرھىزىمنى ئادا قىلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ ئەپسۇسكى، ئۇنىڭغا ئۆلگۈرمەيلا ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا كۆز يۇمدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىككى ئېغىزلىق كونا ئۆيى ماڭا قالدى، تاملىرى ئۆرۈلەپ چۈشۈۋاتقان بۇ كونا ئۆيدە، تاغامنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇش ئوڭاي چۈشىدۇ دەمسىز؟

مەن توي قىلىش ئۈچۈن كۆپرەك پۇل بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم. شۇڭا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ جاپاغا چىداپ قۇرۇلۇشتا لايچىلىق قىلدىم. ئىككى يىل ئىچىدە ئىككى مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل يىغدىم. بىز شۇ پۇل بىلەن ئاران دېگەندە ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇۋالدۇق. قولىمىزدا كېيىنكى تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن بىر ئازمۇ پۇل قالمىغان بولسىمۇ، بىراق ئىككىمىزنىڭ ئاخىرى بىرگە بولالىغانلىقىمىزغا ئۆزىمىزنى تولىمۇ بەختلىك ھېسابلايتتۇق.

بىز توي قىلىپ ئىككىنچى يىلى ئايالىم پاقلاندەك بىر قىز تۇغدى. ئاددىي-ساددا، سېرىقتال ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشىمىزغا قىزىمىزنىڭ قوشۇلۇشى ئۆيىمىزگە زىيادە خۇشاللىق ئاتا قىلغانىدى.

رەپىقەم ئاق كۆڭۈل، سەممىي، تۇرمۇشتا ئېپى بار ئايال بولۇپ غورىگىل تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ماڭا ئوخشاشلا جان پىدالىق بىلەن ئىشلەيتتى. ھەمدە ئۇ قىزىمىزنى يارامىلىق چوڭ قىلىش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشقا تەييار ئىدى. شۇنداقتىمۇ يوقسۇلچىلىقنىڭ دەردى يامان بولىدىكەن. ناگان-ناگاندا موھتاجلىق ئىلكىدە غېرىبسىنىپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدا كۆڭلىمىزگە تەسەللىي بېرىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالاتتى.

ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىمىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئىدارىنىڭ دەرۋازىسىنى ساقلايدىغان خىزمەت تېپىۋالدىم. مۇقىم ئىش ئورنۇمنىڭ بولغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدىم. ئىدارەمدىن ماڭا

ئايدا بىر يۈز ئەللىك يۈەن ئايلىق بېرەتتى. مۇشۇ پۇل بىلەن ئەپلەپ-سەپلەپ تۇرمۇشىمىزنى ئۆتكۈزەتتۇق. ئانىچە-مۇنچە ئېشىنالىساق دەم ئېلىش كۈنلىرى قىزىمىزنى ئېلىپ باغچا-رەستىلەرنى ئايلىنىپ كېلەتتۇق. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بالىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ئەر-خوتۇن ئىككىمىز تۇرمۇشنىڭ بىر تالاي ئىشلىرى ئۈستىدە ئۇزۇندىن-ئۇزۇن سۆزلىشەتتۇق. ئاخىردا ئادىتىمىز بويىچە «كۈنلەر بارغانسېرى ياخشى بولىدۇ» دېيىشىپ يېتىپ قالاتتۇق.

قىزىمىز ھەش-پەش دېگۈچە مەكتەپ يېشىغا يېتىپ بىرىنچى سىنىپقا قوبۇل قىلىندى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئىككى قولىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ سۆيۈپ قوياتتى-دە، مەكتەپكە ماڭاتتى. بۇ ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالغانىدى. كەچتە ئايالىم ئۆينىڭ پارچە-پۇرات ئىشلىرى ۋە ئادىي ئەمما بىز ئۈچۈن تېتىملىق بولغان كەچلىك تاماقنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئاۋارە بولاتتى. تاماقتىن كېيىن مەن ئۆيىمىز ئۈچۈن بىردىنبىر قوشۇمچە كىرىم مەنبەسى بولغان توخۇكاتىكىنىڭ يېنىدا توخۇلارغا يەم-خەشەك تەييارلاش بىلەن ئاۋارە بولاتتىم. قىزىمىز بولسا رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كېتەتتى.

— قىزىم نېمە سىزىۋاتىسەن؟ — دەپ سورايتتىم قولۇم ئىشتىن بوشىغاندا ئۇنىڭغا سۆيۈنۈش ئىچىدە بېقىپ. ئۇ، سىزغان رەسىمىنى چۈشەندۈرەتتى.

— بۇ بىزنىڭ مەكتەپنىڭ گۈللۈكى، ماۋۇ قۇملۇق، ئۇ بولسا بىزنىڭ ئۆي. قاراڭ، ئوخشاپتىمۇ؟

مەن بىر قېتىم: «سەن قايسى قۇملۇقنى سىزدىڭ؟» دەپ سورىغىنىمدا، قىزىم:

— رەسىم مۇئەللىمىمىز بىزنىڭ يۇرتىمىزدا قۇملار كۆپ، ئەتراپىمىزنىڭ ھەممىسى قۇملۇق بىلەن تۇتاش، قۇملار بىزنىڭ بايلىقىمىز دېگەن، مەن شۇ قۇملارنى سىزدىم، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. مەن كىچىككىنە قىزىمنىڭ سىزغان رەسىمىنى خىيال قىلىپ چىقتىم. ئەمەلىيەتتە يۇرتىمىز قۇم دېڭىزىدىكى يېگانە ئارالغىلا ئوخشايتتى." راست، ئۇ بىزگە بەخت ئاتا قىلىدۇ، دەپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇردۇم.

بۇ يىلقى بالىلار بايرىمىنىڭ ھارپا كۈنىدە قىزىمىز سەككىز ياشقا تولغانىدى. ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ھاۋانىلار باغچىسىغا باردۇق. كېيىن رەستىلەرنى ئايلاندۇق. يول بويى ماگىزىن ئارىلىدۇق. بىر چاغدا قارىساق يېنىمىزدا قىزىمىز يوق، ئۇنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئاران تەستە «بالىلار كىيىم ماگىزىنى» ئىچىدىن تاپتۇق. ئۇ قىزىل چاچلىق مودېل قىزچاققا كىيگۈزۈپ قويۇلغان ئوقۇغۇچىلار كىيىمىگە قىزىقىش ئىچىدە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى سەزگەندىن كېيىن، كىيىمدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ بوش ئەمما زىل ئاۋاز بىلەن:

— دادا، بۇ كىيىمنى ماڭا ئېلىپ بېرىڭا! مۇئەللىم بايرامدا مۇشۇنداق كىيىم كىيىڭلار دېگەنتى، — دېدى. بۇ ئۇنىڭ ماڭا بىرىنچى قېتىم مۇشۇنداق تەلەپ قويۇشى ئىدى. ئەگەر يېنىمدىكى پۇل بۇ كىيىمنى سېتىۋېلىشقا يەتكەن بولسىدى ئۇنى شۇ ھامان ئېلىپ بەر-

گەن بولاتتىم. بىراق يانچۇقۇم قۇرۇق ئىدى. ئايالىم ماڭا بىر نەرسە دېگىن، دېگەندەك قاراپ قويدى. مەن ئۇنىڭ ئىككى دولىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ماقول قىزىم، ئەتە ئېلىپ بېرەي بولامدۇ؟ — دېدىم. ئۇ بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىر نەرسىنى خىيالىغا كەلتۈردى بولغاي، لېۋىنى يېنىك چىشلەپ قويۇپ زۇۋان سۈرمىدى. ئايالىم بىلەن ئىككىمىز تولىمۇ ئازابلاندۇق. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ كۆڭلىمىز ئارامىغا چۈشمىدى. قانداقلا بولمىسۇن، بىر ئامال قىلىپ ئاشۇ كىيىمنى قىزىمغا ئېلىپ بېرىشىم كېرەك، ئۇ شۇنداق قىلىشىمنى سائەتلەپ، مىنۇتلاپ كۈتەتتى... ئەپسۇس، ھازىر دەل ئاي ئاخىرى بولۇپ، ئىش ھەققىنى تېخى تارقاتمىغانىدى. بىر ھازا باش قاتۇرۇپ ئويلىغان بولساممۇ تونۇش-بىلىشلەرنىڭ ئىچىدە قەرز بېرىپ تۇرالىغۇدەك بىرەسىنى ئويلاپ تاپالمىدىم. ئامال قانچە، تونۇش - بىلىشلەرنىڭمۇ ئەھۋالى مەندىن قېلىشمايتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن قىزىم مەكتەپكە مېڭىشتىن بۇرۇن، ئادەتتىكىدەك مېنى سۆيۈپ قويدى. مەن تېخىچىلا بىرەر ئامال قىلالمىغانىدىم. شۇڭا ئۇنىڭ كىيىمنىڭ گېپىنى قىلىپ سېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى مەكتەپكە تېزراق مېڭىشقا بۇيرۇدۇم.

— دادا، — دەپ ئېغىز ئاچتى قىزىم كۈتۈلمىگەندە، ماڭا مەيۇس ھالدا تىكىلىپ، — ماڭا يېڭى كىيىم ئېلىپ بەرمەك. مۇئەللىم «ئاتا - ئاناڭلارنى يېڭى كىيىم ئېلىپ بەر» دەپ قىستاۋەرمەڭلار، ئۆزلىرى ئېلىپ بەرسە مەيلى، بولمىسا ئۇلارنى ئەگەلىكتە قالدۇرماڭلار. بىزنىڭ يۇرت تېخى ھاللىق سەۋىيىگە يەتمىدى، دېگەن، ئېيتىڭە دادا، ھاللىق سەۋىيە دېگەن نېمە؟

مەن بوغۇزۇمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك، قىزىمنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ سوئالىغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتىم. دەرۋەقە مەنمۇ بۇ ھەقتە كۆپ ئويلايمەن. زادى ھاللىق سەۋىيە دېگەن قانداقتۇ؟ ئەزەلدىن ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ باقمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ ھەقتە چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەيتتىم.

قىزىم مېنىڭ تەڭقىسلىقتا قالغانلىقىمنى كۆرۈپ «دادامنى خاپا قىلىپ قويدۇم» دەپ ئويلىدى بولغاي، لېۋىنى يېنىك چىشلەپ يۈگۈرگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

بىر چاغدا ئايالىمنىڭمۇ ھويلىدا تۇرۇپ مىشىلداپ يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلدىم. شۇئان مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. شۇ ھالدا ئولتۇرۇپ ئۆتكەن كۈنلەرنى بىر قۇر ئەسلىدىم. بۈگۈن بىلەن سېلىشتۇردۇم. «ھازىر ئىلگىرىكىدىن ھالىمىز كۆپ ياخشى، تىرىشىپ ئىشلىسەكلا تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ» بىردىنلا كۆز ئالدىم يورۇپ كەتكەندەك بولدى-دە، نېسىپ بولۇش ئالدىدا تۇرغان قۇۋناق كۈنلەرنىڭ يالقۇنلۇق مېھرى قەلبىمنى لەرزىگە سالدى. چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن ئۆز - ئۆزۈمگە شۇنداق پىچىرلىدىم. «غەم قىلما قىزىم، بىز چوقۇم ھاللىق سەۋىيىگە يېتىمىز. ھازىرمۇ كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ. مانا بۇ ھاللىق سەۋىيىنىڭ بېشارىتى»

ئەخمەتجان تۇرۇپ

# تاڭلارنى ئۇزاتتىم جىمجىت بىناۋا



ئۈمىدلىك ياش شائىر ئەخمەتجان تۇرۇپ 1970 - يىلى 12 - ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ زاڭگۇي يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1987 - يىلى 9 - ئايدا خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. ئۇ 1990 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر زاڭگۇي ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ ئىجادىيىتى 1990 - يىلى باشلانغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 350 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىندى. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان «ئانا يۇرت — ئالتۇن دىيار» تېمىسىدىكى شېئىرلار مۇسابىقىسىدا «يۈرىكىمگە چېكىلگەن سەھرا» ناملىق شېئىرى 3 - دەرىجىگە، «تۈن باغرىدىن ساقىغان ئاۋاز» ناملىق شېئىرى «بوستان» ژۇرنىلى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئەخمەتجان تۇرۇپ «سۆيگۈ جۇلاسى»، «ئەقىدە گۈلى» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرىنى نەشرىياتقا سۇندى. ھازىر «چوغلۇق كۆلگەن دالا» ناملىق توپلىمى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

ئۇ خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## تاغلىق كەنتكە خەت

قىياغا باش قويغان مەھەللە،
يۈرىكىمدە باردۇر سۈرىتىڭ.
مەن يىراقتا بولساممۇ شۇ تاپ،
ناخشام سېنى قۇچاقلايدۇ چىڭ.

ئېسىمدىمۇ، قويىنى ھەيدەپ،
چوشىلىرىڭنى ئۆركۈتكەن بالا.
توپا يولدىن ئېپار توزىتىپ،
چاڭ كەلتۈرۈپ قىلغىنىم ناۋا.

ئېسىمدىمۇ، يايلاقلىرىڭنىڭ،
شوخلىقىغا كەلگەنلىكنى تار.
كۆكىمگە ئىس تاراتقىنىم ھەم،
تېرىنىپ كېلىپ بىر قۇچاق چاۋار.

ئېسىمدىمۇ، بۈركۈتنى كۆرۈپ،
خىيالىلارغا چۆكۈپ كەتكىنىم.
ئۆرتەنسىمۇ قىلتاقچى تەقدىر،
مەسۇم دىلغا زىيا سەپكىنىم...

مېنى بۇ دەم بىلمەكچى بولساڭ،
زەر قۇياشتىن سورا مېھرىمنى.
ئاۋازىمنى قالساڭ سېغىنىپ
تىڭشىغاچتۇر خوراز كۈيىمنى.

× ×

خىلۋەتتىكى ئەي تاغلىق كەنت،
يۈرىكىمدە باردۇر سۈرىتىڭ.
مەن يىراقتا بولساممۇ شۇ تاپ،
ناخشام سېنى قۇچاقلايدۇ چىڭ.

## يۈرىكىمدە قالدى ئاۋازىڭ

(كېرىيە خەلق ناخشىچىسى ئەھەت ئاكىغا بېغىشلايمەن)

تۈنلەرنىڭ باغرىنى تەشكەندە ئۈنۈڭ،
يۈرەكنىڭ بېغىشى كۆيدى «پىژ» قىلىپ.

چۈشكەندە ناخشاڭدىن ئازاب تورۇكلاپ،
كەتتى ئاھ، كۆڭۈلگە يالقۇن چېچىلىپ.
پەسلىدى يۇلتۇزلار توپىمۇ بىر كەچ،
قەلبىدىن ھەسرەتنى تۈزۈتماق بولۇپ.
ۋە لېكىن شۇمشىيىپ قالدى بارخانلار،
سېلىنغاچ شور باسقان قەلبىڭگە قولۇپ.
بەختىيار بىز ئۈچۈن بىر قولدىغان تار،
قالمىسۇن ھەر ئەسنا ئاۋازىڭ پەسلەپ.
مەردلەرنىڭ كۆكسىدە چېلىنسىمۇ داپ،
يېرىلماس بەك ئاسان (كەتمە ئەنسىرەپ.)
كۈيلىرىڭ پەر قېقىپ تۇرسۇن ئەبەدىي،
(كۈي دېگەن يۈرەككە قىلىدۇ شىپا.)
داۋۇتجان① خۇش بولسۇن ئىنىم قالدى دەپ
ئالقىشقا كۆمۈلۈپ - كۆمۈلۈپ ياشا.

## ساۋاقداشلار خاتىرىسىگە

1

شەبنەمدەك غۇبارسىز بىر توپ قۇش ئىدۇق،
كېلەچەك ئىشقىدا چوغ بولۇپ يانغان.
ھەر سەھەر دەمدەردەك ئۈنلىسەك بىرۇق-بىرۇق
دىللارنىڭ تەكتىدە چاقنايتتى ئارمان.

بار ئىدى يۈرەكتە لىپمۇ-لىق مېھىر،
بار ئىدى سوۋۇماس مەسۇم مۇھەببەت.
تەنلەرگە يېقىنلاپ كېلەلمەيتتى كىر،
سۇۋادان تۇۋىدە قۇرغاندا سۆھبەت.

قاقاقلاپ كۈلەتتۇق بىر ھازاغىچە،
كۆڭۈلدىن-كۆڭۈلگە ئاققاندا چاقچاق.
يەتمىگەن چاغلاردا سوئال تېگىگە،
چۇرۇقلاپ كېتەتتۇق ئۇزاق، بەك ئۇزاق.

رەنجىشنى بىلمەيتتۇق، رەنجىتىشنى ھەم
كۆكسىمىز دەريادەك ئىدى بىپايان.
ئۇۋۇلماق بولسا گەر توساتتىن ئەلەم،
توزۇيتتى نىگاھلار زەربىدىن شۇئان.

2

ياشايلى ھاياتنى مەھكەم قۇچاقلاپ،
ئىزىمىز گۈللەرگە كەتسۇن كۆمۈلۈپ.
رەقىبىنىڭ كۆزىنى قويايلى ياشلاپ،
باغلارغا گۈگۈمدەك كەلسە سورۇلۇپ.

قۇياشنىڭ باغرىغا ياسايلى ئۇۋا،
تۇغۇلسۇن بىزلەردىن سۈپسۈزۈك سەھەر.
ئادەملىك بۇرچىنى قىلايلى ئادا،
تىنىقلار مۇز بولۇپ قاتقانغا قەدەر.

## يىغلاڭغۇ مەكتۇپ

پەرىشتىدەك مۇلايىم ئانا،
كۈندەك قوپۇپ بىر سەھەر يەنە.
غېمىم بىلەن قىلغانسەن ناشتا،
ئۇنى ئەپ كەتسە دەمدىرىم مۇڭلۇق.
ئاڭلىغاندەك مەسۇم ئۈنۈمنى،
ئۆرتەنگەندۇ قەلبىڭ قوقاستا.

تىك تۇرغاندا چاينىڭ شامىسى،
مېنى كېلەر دېگەنسەن بەلكىم.
مۆرەپ كەتسە موزىيىم سوزۇپ،
سېغىنىشقا تولغان يۈرىكىڭ
تەكرار-تەكرار قىلغاندۇ چىم-چىم.

گۈل قوندۇرۇپ توپىلىق يولغا،
يۈدۈپ ماڭساڭ بىر تاغار ئوتنى،
چىلىق-چىلىق كەتكەنسەن تەرلەپ.
تەكىيگە باش قويۇشتىن ئاۋۋال،
سۈرىتىمنى ئېنىق كۆرەلمەي.
جىن چىراغنى قويغانسەن پەرلەپ...

بىلسەڭ شۇ تاپ بۇ يەردە ئانا،
ئۈچلانماقتا زېھنىم يىگىندەك.
مەرىپەتنىڭ ئۇز چاقنىشىدا،
جىمجىتلىقتا قايتىمەن بىر كۈن.
ئەگەشتۈرۈپ ئاينى، قۇياشنى،
مەھەللەم كەچ ئۇيقۇدا چاغدا.

① داۋۇتجان ناسىرنى دېمەكچى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئابدۇشۈكۈر راشىدىن

# جەنۇبتىكى يېشىل چۈش

## جەنۇبتىكى يېشىل چۈش

جەنۇبنىڭ دېڭىزى قىزلار كۆكسىدەك،
دولقۇنلار ئۇزاتسا لىرىك قوللارنى.
يىلاندەك تولغانغان ئالۋۇن ئىچىدە،
ماڭغانچە - ماڭغۇسى كېلەر يوللارنى.
جەنۇبتا دېڭىز كۆپ يېشىل چۈشلەردەك،
خوتەن كۆپ چۈش كۆرگەن چىرايلىق يۈرەك

پارلايدۇ قۇياشتەك يىراق شۇ قەدەر،
قاپقارا تەرلەرگە چۆمۈلگەن گەۋدە.
ئېھتىمال بۇ يەردە يادلىنار شەھەر،
يىگىتلەر مەي ئىچىپ كەيىپ سۈرگەندە.
ئۇ پۇقا چىرمىشىپ كەتكەن شۇ قەدەر،
مەنزىلنىڭ چېگرىسى ئۇنتۇلغان نەدە؟
بىر خىسلەت بار دېسە مۇشۇ ۋەتەندە،
ئۇ، بەلكىم تېپىلار گۈلگۈن خوتەندە.

قوللىرى قاپارغان يۈزلىرى كۆيگەن،
دېھقاننىڭ ھەيكىلى گۈزەل بىر شېئىر.
مەنغۇ ئاھ، قانىماستىن يېنىشلاپ كۆرگەن،
قەلبىمدە كۈۋەجەپ يالقۇنلۇق مېھىر.
جەنۇبتا دېڭىز كۆپ قىسمىتى ئۆلگەن،
كەلگۈسى بىر بوۋاق يېڭى تۆرەلگەن.
شائىرنىڭ يۈرىكى جۇش ئۇرغان خوتەن،
قوينۇڭنى ھەرەمدەك ئۇلۇغ سېزىمەن.

## قوشتاغ بازىرىدا دوستلار ...

قەدىرلىك دوستلىرىم كېچىنىڭ يولى،
كېچىدەك تۇيۇلغاي قوشتاغقا يەتسەك.
يۈرەكلەر كېتەرمۇ چاك - چاك يېرىلىپ،
ئۇچرىشىش پەيتىدە چىڭ باخاش ئەتسەك.

چىغىرىقلار زەررەڭگە كىرگەن «جاڭگال» دا،
خاتىرە قالدۇرۇش مۇمكىنمۇ بىر رەت.
چۆمۈلۈش مۇمكىنمۇ سوغۇق دەرياغا،
بايىلا تۇغۇلغان بوۋاق بالىدەك.

ئېھ، قوشتاغ باغرىمنى سۇغارساڭ مەيلى،
سۇغىرىپ بىر نۆۋەت مېھرىڭ سۈيىدە.
جەننەتكە كىرگەندەك بولىمەن مەڭگۈ،
ياتسامۇ ئۆلۈمنىڭ پۇراپ تۇۋىدە.

## يىراقتىن قوشتاغنى سېغىنىش

ناۋاتتىن دەملەنگەن ئابىھايات سۇ،
ھېلىمۇ شىلدىرلاپ ئاقامدىغاندۇ؟
ياڭاقنىڭ دەرىخى ئاستىدا دېھقان،
كەتمەننى مەردانە چاپامدىغاندۇ؟

قوغۇنلۇق بېشىدا ساتما ئىچىدە،
دۇتارنىڭ ناۋاسى ياڭرامدىغاندۇ؟
ئەمگەكتىن ھېرىقىپ ياتقان دېھقانلار،
ئۇزاقتىن قۇلاق سېلىپ ئاڭلامدىغاندۇ؟

تەملىك شۇ لەڭپۇڭ، پۇرچاقلىق لەڭپۇڭ،
ھازىرمۇ، شۇ موماي ساتامدىغاندۇ؟
ئانامدەك قەدىرلەپ سۆيگەن قوشتاغلىق،
مەن بارسام بالام دەپ ئاتامدىغاندۇ؟

شۇ بىر تۇي ئەجەب ئىش ئۇماق سىڭلىمىز،
«ئانا» دەپ يىغلىغان ئىدى ئېسىلىپ.
ھەي، بۈگۈن ئانا بوپ قالغاندۇ ئۇمۇ،
تۇرمۇشنىڭ قايىنىمى ئىچرە يېتىلىپ.

ئېھ، قوشتاغ مېھرىمدىن ساڭا ئەسسالام،
ئېھ، دېھقان - جاپاكەش، مېھنەتكەش -
ئاۋام.

## يول شەجەرىسى

## خوتەن كەپتىرى

ئۇچۇپ كەلدىڭ بەكمۇ يىراقتىن،
ئېھ، خوتەننىڭ ئۇچقۇر كەپتىرى.
جەنۇبتىكى يېشىل دېڭىزنىڭ،
بارمىكىنە چوڭ - چوڭ مەكتىپى؟
يولچى جۇۋان سالام دېدىمۇ،
قېنى ئۇنىڭ يازغان مەكتۇپى؟
شائىر ئىدى بىر چاغلاردا ئۇ،
تونۇشۇپتىمۇ شېئىر دەپتىرى؟
ئېھ، خوتەننىڭ ئوماق كەپتىرى،
ئامانمىكىن يارىمنىڭ ئۆزى؟
يۈرىكىمگە ياقتىمۇ ئوتلۇق،
تاتلىق - ئوماق قايماقتەك سۆزى؟

كەھرىۋادەك گۈزەل لېۋىدىن،
تۆكۈلەمدىكىن يامغۇردەك كۈلكە؟
مۆكەمدىكىن بۇلۇت كەينىگە،
كۆز يېقىشىپ قالغاندا ھۆكە.

قايتىپ بارساڭ ئاق كۆڭۈل كەپتەر،
شۇ يارىمنىڭ،
قولىقىغا پىچىرلاپلا قوي.
بىر سەمىمىي سالامىملا بار.
«يول تۇتاشسا يول بولار راۋان،
ئەل سۆيگەننى سۆيمەن ئىنكار»،
پاك سۆيگۈمنى قىلمىسا ئىنكار.
باھارلاردىن تۇغدۇرۇپ باھار،
ناھارلاردىن تۇغدۇرۇپ ناھار.

**ئەسقەر ياسىن**

## كېردىيە

ئەسسالام كېردىيە...
سۆيدۈم توپاڭغا،
كۆمدۈم ھەم باغرىڭغا سۆيۈملۈك چۈشىنى.
سەن گويا مۇقەددەس، تەۋەررۈك كىتاب،
ساقلىدىڭ باغرىڭدا ئەلمىساقتىن،
مۇقەددەس تەڭرىنىڭ يۈكسەكلىكىنى.
تۇغقىنىم، يۇرتدىشىم، ئەي ۋەتەندىشىم،
ئانامدەك... باغرىڭغا باسساڭچۇ مېنى!

ئانا
سەن ماڭغان يوللارنى جىمجىت ياقىلاپ،
مۇلايىم شەھەرگە باقتىم خىيالچان.
«سىلەرنى سۆيىمەن قېرىنداشلىرىم،
نەقەدەر سۆيىمەن سېنى ئەي تۇپراق...»
دېدىم شۇ سۆزلەرنى ئەي ئانا ئاران.

كېردىيە،
مۇقەددەس كىتاب،
كېردىيە، ھاياتقا يېزىلغان بىر خەت.

تەسەۋۋۇرۇمدا
ئۇ گويا ئەمدىلا ئېچىلغان كىتاب،
جۈملىدە، قۇرلاردا كۈلەر مۇھەببەت.

ئۇچرىشار بۇلۇتلار، ئەركىن ۋىچىرلاپ،
كوچىدىن، كىشىلەر ئويچان ۋە سوغۇق.
تۇرمۇشنىڭ غېمىدە ئۆتەر ئالدىراپ.
كې...... ر د...... يە ...
مۇزلىغان شۇ تاۋۇش سۇنار قولىنى.
مۇبادا، مەن ئۇنىڭ سۆيسەم لېۋىگە،
غېرىبلىق مەڭزىدىن چۈشەر تاراملاپ.

كېردىيە!
شۇ قەدەر پاكسەن، مەسۇمسەن،
سۈزۈك شەبنەمدەك باغرىڭدا سېنىڭ،
ئەڭ گۈزەل پەيتنى ئۆتكۈزگەن ئانام.
چۈشۈمنى ئىزدىدىم سېنىڭ روھىڭدىن،
ئېھ، شۇندا چۈشلىرىم ئىچىدە مەغرۇر،
قەدىمكى بىر كۈينى توۋلىدى بوۋام.

بوۋا توپىلىق يوللاردا روھىڭ،
ئۆزگىرىپ مۇزىكا، قۇشلار توپىغا،
قەلبىمنى ئايلىنىپ ئۇچماقتا پىنھان.
تىڭشىدىم، شىۋاقلىق ئاددىي قەبرەڭگە.
بىلمەن، سۈكۈتلۈك قەبرەڭگە ياندا ش
موماڭنىڭ قۇياشتەك روھىمۇ بۇ ئان.
ئۇ گويا قورققاندەك تىۋىش، شەپىدىن،
ئېھ، بوۋا سەن بىلەن ياتار يانمۇ-يان.
سېغىنىپ جىمىكى رەھمەتلىكلەرنى،
قولۇمنى دۇئاغا كۆتۈردۈم ئۈنسىز.
ئەي ئانا، قەلبىمنىڭ سىمۋولى مۇشۇ،
ئەمەس ئۇ كېچىدەك سوغۇق مېھىرسىز.

ئەي ئانا،
چاراسلاپ كۆيمەكتە سىنەم.
قولۇمنى ئۇزىتىپ ئاپئاق بۇلۇتقا،
بالىلىق پەسلىڭنى سوردىم سېنىڭ.
چۈش شەھىرى ئىچىدە يۈرەتتىڭ ئويناپ،
ئۇقسانسىز گۈزەللىك، شەكلىسىز نۇردا-
تولغىنىپ ئاقاتتى،
ئېرىدىتتى تېنىڭ.
بوشلۇققا، يوللارغا، چەكسىز دالىغا
ئۇيۇنچۇق يېيىلغان چۈشۈڭ ۋە ئىسمىڭ!

پاكار ۋە غېرىب يېزا ئۆيلىرى،
تەلپەكلىك، ئاق كۆڭۈل ئالدىراش
دېھقان ...
كۆزۈمگە چېلىقسا ئۇلار ھەر قېتىم،
شۇنداق بىر سۆزۈمنى كېلىدۇ ئېيتقۇم:
«قولۇڭنى كۆكسۈمگە قېنى قويۇپ باق!
ئىزدىگەن چۈشۈڭنى، مېنىڭ چۈشۈمدىن،
باغرىڭدا مەن گويا بىر سىقىم تۇپراق.
مەن گويا سۈكۈتكە چۆمگەن بىر سادا،
باغرىڭدا چايقىلىپ ياتىمەن ئويغاق.

يېزىدىمەن، چېھرىڭگە چوڭقۇر ئورناشقان،
ۋاقىتنىڭ قەبرىسى يۇتالماس ئۇنى.
قۇياش ۋە ئادەم
ئۆسمەكتە بوستانلىق ئارا باغجانلاپ.
چايقىلىپ تۇرماقتا شەپەق بىمالال،
كۆز يېشى ياستۇققا قويدى بېشىنى.
ئۆمۈرنىڭ سۆيۈملۈك جاراھەتلىرى.
ئۆزگەرتىپ قويالماس كىرىدىيە سېنىڭ،
گۈزەل، يېقىملىق، ئىللىق شەكلىڭنى!
ئۇزدۇم بىر تۇتام كۈلۈمسىرەشنى.
ئالدىم ھەم ئۇنىڭدىن قېنىپ بىرنەپەس.
كىرىدىيە —
ئانامنىڭ ھىدى قالغان يۇرت،
ئانامنىڭ مۇھەببەت، باغرى قالغان يۇرت،
سەن مەڭگۈ قەلبىمدە گۈزەل، مۇقەددەس!

ئۆمەرجان ئىسمايىل

## پۇرسەت، - دەپ...

قەھرىمانغا پەرمان بولدى زامانىدىن:
ماھارەتكە مەيدان كەڭرى، كۆرسەت، -
دەپ.
بەس - بەس بىلەن ھۇررا توۋلاپ ھەر
ياندىن،
مەردلەرچىقتى: بىزگە كەلدى پۇرسەت، -
دەپ.

چېلىش بىلەن ئۆتتى شۇنداق ئون بىر
يىل،
نامايان بۇ كۈن يېڭى قىياپەت.
نېمە كۆردۈڭ، دوستۇم ئويدان پىكىر
قىل، -
جاۋاب بەردى مانا بۇنداق شاراپەت.
— «پاھ» لا دېيىشەن بىرلا كۆرسەڭ ئىلى-
چىنى،
پارىلدىغان كوچىلارغا تولغاندۇر.

يەرگە يوپۇق قىلسالىڭ ئەتلەس، زىلچىنى،
ئېيتىپ دەيسەن: قانداق توقۇپ بولغاندۇر.
كۆرگىنىڭچە قامىشىدۇ كۆزلىرىڭ،
بىر كوچىدىن چىقماي تۇرۇپ بولۇركەچ.
تەرىپلەشكە يەتمەي بىلگەن سۆزلىرىڭ،
ئەقلىڭ ئاجىز كەلگىنىدە تىل كېكەچ.
كۆز كۆرمىگەن، قول تەگمىگەن ئابىدە،
خىيالىڭدا ئۆزگە كوچا سىياقى.
بىر مۆجىزە بولغىنىدەك ئاپىرىدە،
قوزغىلىدۇ كۆرۈش ئىستەك پىراقى.
مەۋجۇت مىزان تېپىلمايدۇ دۇنيادىن،
گۈزەللىكىنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەشكە.
ھەيرەتلىنىپ قىياپەت نۇر - زىيادىن،
دەيسەن: شۇنچە قۇدرەت باركەن ئۆرلەشكە
ھېچبىر مەۋجۇت مىزان بىلەن ئۆلچەنمەس،
ئىلچىدىنلا دەۋرىمىزنىڭ قىممىتى.
مۇقىملىشىپ بىرلىك، ھۆرلۈك، ئاڭ -
ھەۋەس،
قوندى يۇرتقا ئىجاد، ئەمگەك زىننىتى.
ئۆرلەپ ئىلھام ھاۋاسىغا خىيالىڭ،
ئۇچقىنىدا قانات قېقىپ ئېگىزلەپ.
كۆرۈنىدۇ زۇمرەت بولۇپ دىيارىڭ،
سادا بېرەر: پەرۋىشىڭ كۆپ ئەزىز، -دەپ.
تۇتاش كەتكەن قەۋەت - قەۋەت ئىمارەت،
باش تىرەيدۇ بۇلۇتلارغا مۇنارىدەك.
كۆرسەتكەندەك قۇياش ئايغا ماھارەت،
نۇر چايقىلار گويا يۇلتۇز قونارىدەك.
كومپارتىيە ئاتا قىلىپ كۈچ-قۇدرەت،
يۇلتۇزلاردىن يۇلتۇزلارغا ئۆتكىدەك.
يوللاردا غدام، ئىلگىرىلەشكە بارپۇرسەت،
تەقدىرىمىز تەدبىر، ھىممەت كۈتكىدەك.
قاقاس تاغلار ۋۇجۇدىدىن ئالدۇق بىز،
ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈزۈران بىلەن كۆمۈرنى.
دەريا، ئۆستەڭ، يولنىرەتكە سالدۇق بىز،
ئۇزارتماقتا شاد، بەختىيار ئۆمۈرنى.
ئىلچىمىزدىن بېيجىڭغىچە بىر تۇتاش،
ئورانماقتا دەشتىلەر كىمخاب يوپۇقتا.
سالام بېرىپ قوندى سەھەر زەر قۇياش،
ناز - كەرەشمە جىلۋىسىدە ئۇيۇپۇقتا.
تۈمەنرەڭلىك گۈل-چېچەككە تولغان جاي،
بىز ئۇچۇندۇر ھەر تاماشا، شوخ ناۋا.
نېسىپ بوپتۇ شۇنداق يىللار، شۇنداق ئاي،
بۇ ئۆمۈرنىڭ مىنۇتىمۇ بىباھا.
كىيىم يېڭى، نېنىڭ پۈتۈن، پۇلۇڭ بار،
قانۇنىڭ بار قوغدىلىدۇ ئادالەت.
ئۆرلەش ئۈچۈن داغدام، كەڭرى يولۇڭ بار،
لازىملىقى ئىجادى تەر، ماھارەت.
شۇنداق تۈزۈم، ئادىل قانۇن-نىزامدىن،
چېچەك ئاچتى يۇرتتا ھىممەت- ئەقىدە.
جاراڭلىدى شاد ناخشىلار يېزامدىن،
تۇغدى ئامەت تەردە ھەر بىر دەقىقە.
ياخشى بولدى سوئالىڭمۇ جايىدا،
ئىشلىگەنىنىڭ چىشلەيدىغان ۋاقتى - دە.
پۇرسەت كېتەر يازدا يۈرسەڭ سايىدا،
ھورۇنلۇقۇم مېنى چەتكە قاقتى - دە.
قانچە ئەمگەك سىڭگىنىنى بىلمىسەڭ،
داستىخانغا تىزىلىدۇ قايسى ئاش.
ئەتىيازدا ماش بولسىمۇ تىكمىسەڭ،
كۈزدە نەدە ؟
- قىشتا ئىڭرا، كۆزدە ياش.
تەقدىرىڭنى تەدبىرىڭدىن كۈتتۈۋەر،
جاۋابىم شۇ بىلسەڭ دوستۇم ساداقەت.
دېدىم مەنمۇ: شۇنداق ياشاپ ئۆتتۈۋەر،
ئەجەب بەلەن جاۋاب بەردىڭ شاراپەت.

ئىدرىس رۇسۇل تەكىن

# تونۇۋال، بۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ

(ماقالە)

ساختىلىقتا بولغان نارازىلىق جەمئىيەتتە شەكىللەنگەن بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ پاكلىق ھالىتىنى ساقلاپ قالالىغان بىرلا نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ شېئىر.

شېئىر — شائىر يۈرىكى بىلەن تەڭرىنىڭ، شائىر بىلەن تەبىئەت، گۈزەللىك ئوتتۇرىسىدىكى ئۈنسىز سىردىشىشنىڭ ئەڭ ساپ بولغان شېرىن مېۋىسىدۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كىشىلەرنىڭ شېئىر چاڭقاشلىرىنى تويۇندۇرۇپ ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى جىغىلداتالىغۇدەك شېئىرلار ھازىر بىر قىسىم ئىجاد ئىگىلىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدا خېلى يۇقىرى سالماق بىلەن روياپقا چىقىۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خېلى نوپۇزلۇق ژۇرناللارنىڭ بىرى بولغان «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى يېقىندىن بېرى ئوبرازلىق تىل، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن يېزىلغان شېئىرلار ئارقىلىق كىتابخانلار قەلبىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ سىڭىپ كىرىۋاتىدۇ. بۇ ژۇرنالنىڭ 96 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېرىلگەن شائىر دولقۇن جاپپارنىڭ «كۆكلەيدىكەن سېغىنىش دېگەن» ماۋزۇ ئاستىدىكى شېئىرلىرى ئەنە شۇنداق ياخشى شېئىرلارنىڭ ۋەكىلى دېسەك ئارتۇق كەتمەس.

دولقۇن جاپپارنىڭ بىرىنچى شېئىرى «سالام، دوستلار» نىڭ بىرىنچى كۇپلېتىلا ساۋاقداشلىرىغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە باشلانغان.

جەنۇبتىكى كىچىك بىر بازار،
يۈرىكىمگە كەتتى ئايلىنىپ.
ئېھ، شۇ يەردىن سالام سىلەرگە
سالاملاردىن پۈتكەن تاۋلىنىپ.

يۈرەككە ئايلانغان بازار، شۇ بازارنىڭ سەمىمىي، چوڭقۇر سالىمى... بۇ خىل جانلىق ئىپادىلەش ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئاز ئۇچرايدىغان يېڭىلىق. شائىر بۇ مىسرالار ئارقىلىق شېئىرىي چوڭقۇرلۇقتا تۇرۇپ ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن بولسا، تۆۋەندىكى مىسرالاردا تۇتاش كەتكەن تومۇرلار ئارا كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان سېغىنىش ھېسسىياتىنى تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك، جانلىق ئوتتۇرىغا قويغان.

كۆلۈپ چىقىپ خەرىتىلەردىن،
سىقىمسىلەر قولۇمنى كۆچەپ.

جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ستۇدېنتلىق ھاياتىنى، ساۋاقداشلىرىنى ئويلاۋاتقان شائىر ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا خەرىتىدىن ئۆزىگە تونۇشلۇق، بىر تۇغقاندەك بولۇپ كەتكەن ساۋاقداشلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى ئىزدەيدۇ. بىرىدىنلا ئۇنىڭدىكى ھېسسىي ئاڭ (شائىرانە تۇيغۇ) نىڭ پارتلىشى بىلەن خەرىتىدىكى ھەرخىل رەڭلەر ئاستا قىمىرلاپ ساۋاقداشلىرىغا ئايلىنىپ ئۇنىڭ قولىنى سىقىدۇ. خىيال ئىچىدىكى

تەسەۋۋۇر، تەسەۋۋۇر ئىچىدىكى جانلىق ئوبراز يۇقىرىقى مىسرالاردا ھەقىقەتەن-مۇ ئۆز ئورنىنى تاپقان.

ئادرېسىمنى ئەتتىڭلار تەرك،
پوچتالىيون باقمايدۇ قىيا.
بىلگۈم كېلەر ئادرېسىڭلارنى،
قەدرىڭلارنى بىلگەندەك گويا.

بۇ مىسرالار ئارقىلىق شائىر تەنھالىق ئىچىدە بىر خىل شېرىن قېيىداشقا ئۆتۈپ بىردىنلا يەنە ئۆزىنىڭ سېغىنىش ھېسسىياتىنى سىمۋوللۇق ئوبراز ئارقىلىق ناھايىتى تاتلىق بەدىئىيلەشتۈرگەن.

شائىرنىڭ يەنە بىر ياخشى شېئىرى «سەككىزلىك لىرىكىسى» بولۇپ، بىزنى تەبىئىي ھالدا ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەل بولغان سىتودېنتلىق ھاياتىمىزغا، مەكتەپ قويىنىدىكى كىچىك ئائىلە — ياتاقلا باشلاپ بارىدۇ.

سەككىز ياتاقتا پەر قاتقان قىيماي،
سەككىز ئېغىز «خەير - خوش» بىلەن.
سالامغا قول بەردىم بۇ دەقىق،
كۆكلەيدىكەن سېغىنىش دېگەن.

بۇ مەكتەپ ھاياتى، ھىجرانلىق ئايرىلىشتىن كېيىنكى سېغىنىش تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلەنگەن تاتلىق مىسرالار بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى سېغىنىش ھېسسىياتى گۈزەل، جانلىق شېئىرىي مۇھىت بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«سېغىنىشتا بېرىپ دەممۇ - دەم، سۈرتكۈم كېلەر پوللارنى قايتا»
دېگەن مىسرالار بۇ شېئىرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىگە جان كىرگۈزۈۋەتكەن.

يۇقىرىقى شېئىرلاردىن تاتلىق ھۇزۇرلىنىۋاتقىنىمىزدا «شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلار» ناملىق شېئىر بىزنى بىردىنلا قاتتىق ئويلىنىشقا، ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتقا سىنچى كۆز بىلەن قاراشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

ھەر يىلى ئونىنچى سېنتەبىرلا دوقمۇش - دوقمۇشلارغا لوزۇنكا، شوئارلار چاپلىنىپ ھۆرمەتلىنىدىغان، ماختىلىدىغان، ھەر قايسى يېمەك زاللىرىدا كۆككە كۆتۈرۈلۈپ پەرىشتىگە تەڭلەشتۈرۈۋېتىلىدىغان، باشقا ۋاقىتلاردا يەنىلا «ئابتام ئېيتقان بايىقى» پېتى قالىدىغان ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت شەرەپلىك، جاپالىق خىزمەتنىڭ يېزىدىكى كارتىنىسى قىلىنغان بۇ شېئىرنىڭ مۇڭلۇق مىسرالىرى بىزنى قاتتىق ئويغا سالماي قالمايدۇ.

يوق ئاسفالت مەيدانلار بۇندا،
بوغۇنلارنىڭ رۇخسارىدا چاڭ.
سېغىز، كۆمۈر ئالغىماس دوسكا،
كەپ قالساڭلار قالمىسىلەر تاڭ.

مانا بۇ بىزدىكى مەكتەپ، بىزنىڭ يېزىلىرىمىزدىكى «كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى» بولغان ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن سۈرىتى.

شەھەردىكى ئوقۇتقۇچىلار،
تېرىمىسلەر ئاشلىق، مايلىقدان.

بىز 21 - ئەسىرگە نېمە بىلەن كىرىمىز؟ كەتمەن، گۈرجەكلىرىمىز بىلەنمۇ؟ بىز گۈزەل، غايىۋى، زامانىۋىلاشقان دۇنيا ياراتماقچى ئىدۇققۇ؟ شۇنداق دۇنيانى ئارا، كەتمەنلىرىمىز بىلەن، قارا كۈچىمىز بىلەن قۇرىمىزمۇ؟ بىز مۇشۇ ھالىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى ئېلېكترون دەۋرىگە مەنسۇپ دېيەلەيمىزمۇ؟

شەھەردە كۆپ بوتۇلكا دېگەن،
ۋەزىپەڭلار تۇرامدۇ ئېشىپ.
كېمەيتىمىز جەرىمانىنى،
سۇلياۋ، تۆمۈر ۋە ئۇچكە يىغىپ.

يېزىلىرىمىزغا قاراپ باقايلى. ئۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ مىنۇتتا ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ سۆزلەۋاتقان دەرسىنى ئاڭلاۋاتامدىكىن، ياكى ئەتە سۈرۈشتۈرۈلىدىغان بوتۇلكىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرەمدىكىن؟! ئوقۇتقۇچىلىرىمىزچۇ؟ ئۇلار بەلكىم تاپشۇرۇق تەكشۈرۈۋاتقاندۇ. بەلكىم ھاردۇق يېتىپ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئەتىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندۇ! بىز بۇ شېئىرنى ئوقۇپ يۇقىرىقىلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. شائىر «ئېھ شۇ يەردىن سالام سىلەرگە، ئوقۇتقۇچى سالامدۇر گويا» دېگەن مىسرالار بىلەن بۇ شېئىرنى مۇكەممەل شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە تاماملىغان.

دولقۇن جاپپارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغان ئەڭ ياخشى شېئىرى «كېچىدە ئايالىنى ساقلاش». بۇ شېئىردا شائىر خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدىكى كۈتۈش بىلەن تاقەتسىزلىك ئىچىگە يوشۇرۇنغان غەزەپىنى بىر گەۋدە قىلىپ، ئاخىرىدا تۇرمۇشىمىزغا سىڭىشىپ كەتكەن ئادەتنى ئۆتكۈر پىكىرلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان.

يېقىنلىشار مۇشتۇمدىن بۇرۇن،
لەۋلىرىڭگە قويار كېكىرىپ.
سەن ئۆتىسەن ھامان شۇ تەرىق،
كۆلكە بىلەن سەھەر كېرىلىپ.

شېئىرنىڭ بۇ مىسرالىرىدىكى ئۆزگىچىلىك شائىرنىڭ تۇرمۇشنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەنلىكىنىڭ، شېئىرىي تۇيغۇسىنىڭ مول بولغانلىقىنىڭ مەھسۇلى.

ئاخىرىدا شۇنى دېگۈم كېلىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى، ئېسىل شېئىرلارغا موھتاج. شېئىر ئاجايىپ - غارايىپ دەبدەبىلىك سۆزلەردىنلا ئەمەس، بەلكى بىز تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئۇچرىتىپ كېلىۋاتقان ئىبارىلەرنىمۇ يۈكسەك شېئىرىي پەللىگە كۆتۈرۈپ، كىتابخانلارنىڭ قەلبىدە سۆيۈنۈش، ھاياجان قوزغىيالايدىغان شېئىرلارنى يېزىۋاتقان دولقۇن جاپپاردەك شائىرلارغا موھتاج.

بىز ھەممىمىز ئانا زېمىنغا بىرلىكتە خىتاب قىلايلى.

— تونۇۋال زېمىن، بۇ سېنىڭ ھەقىقىي ئەردەك ياشاۋاتقان شائىر ئوغلۇڭ!!

مەتتۇرسۇن ئوسمان

# يازغۇچىلار قانداق ئادەملەر؟

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا يازغۇچىلار (شائىرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەن تۆۋەندە يازغۇچىلار دەپ ئاتايمەن) ئىجتىمائىي ئاڭ ساھەسىدە ئۆزىگە خاس بولغان تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى كۆزىتىپ، ھەر قايسى مەدەنىيەت قاتلاملىرىدا جۇلالىنىپ تۇرىدىغان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلارنى ياراتتى. بىز ئەنە شۇ بايلىقلار ئارقىلىق، ئىنساننىڭ روھىيەت ئالىمىدىكى يارقىن نۇرنى كۆرەلەيمىز. ئەمما، ھەر قانداق بىر تارىخ ئەسىرى بۇنداق نۇرنى يورىتىپ بېرەلمەيدۇ. ئەدەبىياتنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭدىكى ئىدىيىنىڭ توختاش چېكى بولمايدۇ، خۇددى ئۇپۇق سىزىقىنىڭ چېكى بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ نۇرى ئەبەدىي بولىدۇ.

ئۇنداقتا، ئىدىيە تارىخىدىكى مۇشۇنداق يارقىن يۇلتۇزلارنى ياققان يازغۇچىلار قانداق ئادەملەر؟ بۇ مەسىلىدە كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش ئەمەس.

يازغۇچىلار ساراڭ ئادەملەرمۇ؟ جەمئىيىتىمىزدە ئەدەبىياتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىغان بىر توپ ساددا پىكىرلىك ئادەملەر يازغۇچىلارنى «ساراڭلار» ياكى «كاللىسىنىڭ سۈيى بارلار» دەپ ئاتايدۇ. بەزى يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ يېشىغا ماس كەلمەيدىغان ئاياغلارنى، كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ يۈرسىمۇ، سۆز-ھەرىكەتلىرى ئانچە جايىدا بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار تۇغما نېرۋىسى ئاجىز ساراڭلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى، يازغۇچىلار ئەركىن ھەرىكەت ئارقىلىق ئەركىن تەپەككۇر قىلىشنى خالايدۇكى، ھەرگىزمۇ ئېسىلزادە جانابلاردەك ساختا ئەخلاقنىڭ پەرەنجىسىگە ئورىلىۋېلىپ روھىي قورۇنۇپ ياشاشنى خالىمايدۇ. دۇنيا ئەدەبىيات سەھنىسىگە شۇنداق كاتتا يازغۇچىلار چىققانكى، ئۇلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى نورمالسىز بولۇپلا قالماستىن، يېزىقچىلىق ئادىتىنىڭ غەلىتىلىكىمۇ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەسىلەن: فرانسىيىلىك ھېيوگو، ئامېرىكىلىق فرانكلىن قاتارلىق خېلى نۇرغۇن يازغۇچىلار يالىڭاچ بولۇۋېلىپ يېزىقچىلىق قىلغانىدىلا ئاندىن ئەڭ يۈكسەك ئەدەبىي مۇھىتقا يېتەلىگەن. فرانسىيىلىك يازغۇچى ۋولتار سۆيگىنىنىڭ دۈمبىسىنى شىرە قىلىپ يازغاندىلا، ناھايىتى راۋان يازالىغان. ئەنگلىيىلىك يازغۇچى لاۋرېنىس ئۈجمە دەرىخىگە يالىڭاچ يامىشىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئۇزۇن ھەم توم شاخلىرى ۋە يىرىك، قاتتىق قوۋزاقلىرى، ئۇنىڭ ئەدەبىي تەپەككۇرىنى تولىمۇ ئاچىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللارنى يەنە كەلتۈرۈش مۇمكىن. يازغۇچىلار روھىي ئىزتىراپلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئادەت كۈچى ئالدىدا تەمتىرەپ، ئۆزىنى قىينىماي يۈرمەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ھەرىكىتى غەلىتە. لېكىن، يازغۇچىلارمۇ ئادەتتىكى

ئادەملەرگە ئوخشاش تۇرمۇشتا ھەم خۇشاللىنىدۇ، ھەم ئازابلىنىدۇ. بىراق يازغۇچىلار ئاشۇ خۇشاللىنىش، ئازابلىنىش ئىچىدىن يېڭى مەنزىل — ئەدەبىي مۇھىتقا ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭلاشقا يازغۇچىلارنى «ساراڭ» دەپ ئاتىغان كىشىلەرنىڭ يازغۇچىلارنىڭ ساراڭلىقىنى چۈشىنىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

يازغۇچىلار ھاراقكەشلەرمۇ؟ يازغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغانلار بار. لېكىن ھاراقكەش يازغۇچىلار خوتۇنى يامانلاپ كېتىپ ئىچ پۇشقىدا قالغانلاردىن، قىلغىلى ئىش تاپالماي تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە قىينالغانلاردىن، باشلىقىدىن ئازار يەپ دىلى سۇنغان نازۇكلاردىن، مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن ئاشىقلاردىن پەرقلىنىدۇ. ھاراق ئۇلارغا بىز سۇمۇرۇۋاتقان ھاۋاغا ئوخشاش شۇنداق مۇھىم بولۇشى مۇمكىن. مەستخۇشلۇق ھالەتتە ئۇلارنىڭ قەلب تەكتىدىكى ئۆزلىرىمۇ سېزەلمىگەن دولقۇنلار ئاشكارە بولۇشى مۇمكىن، دەل مۇشۇنداق ھالەتتە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىشىمۇ مۇمكىن. يازغۇچىلار ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئادەملەر دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن ئازابلىنىپ، ھاراق بىلەن كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇپ يۈرمەيدۇ. ئەگەر «باي بولىمەن» دېسە ھازىرقى بازار ئىگىلىكى ئېلىپ كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن پۇل تاپقىلى بولىدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان بولاتتى. ھەقىقىي يازغۇچى يېزىقچىلىقتىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدۇ.

يېزىقچىلىق ئۇنىڭ روھى ئالەمگە يول كۆرسىتىدىغان ماياكقا ئايلانغان، بەلكىم يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى تونۇيالىغان، مەنىۋى يۈكسەكلىككە قاراپ ئۆرلىيەلىگەن بولۇشى مۇمكىن. يېزىقچىلىق يازغۇچىلارغا شۇنداق مۇھىمكى، ئۇ تەگرىنىڭ بۇ نېمىتى ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلايدۇ.

چېكىنمىلىككە بېرىلگەنلەر يازغۇچى بولامدۇ؟ يازغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ھەققەتەن تاماكىنى بەك كۆپ چېكىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلھامىنى قوزغاپ، ئەدەبىي مۇھىت ئىچىگە باشلاپ كىرىدىپ، پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن. تاماكا چەككەن يازغۇچىلار ھەرگىزمۇ خوتۇنىدىن ئالالمىغان ئاچچىقىنى تاماكىدىن ئېلىپ، ئىچ پۇشقىنى چىقىرىدىغان كىشىلەرگە ئوخشىمايدۇ. تاماكىنىڭ يەنە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىن باشقا، تۈرلۈك ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى يىغىپ، تەپەككۇرىنى كۈچەيتىشتە رولى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما يازغۇچى بىلەن، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملارنىڭ تاماكا چەككەن چاغدىكى روھى ھالىتى، تەپەككۇر ئۇسۇلىدا پەرقىنىڭ بولۇشىدا گەپ يوق. ئەگەر تاماكا چەككەنلەر يازغۇچى بولىدۇ دېيىلسە، دۇنيادىكى ئەرلەرنىڭ يېرىمى يازغۇچى بولۇپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە تاماكا چەكمەيمۇ بىمالال يېزىقچىلىق قىلالايدىغانلار بار.

يازغۇچىلار دەردى كۆپ ئادەملەرمۇ؟ يامانلىقتا ئۇززۇن ئولتۇرۇپ قالغان ياكى ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ياش ئاياللار ئىچىدىن مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ

چىققانلىقىنى ھازىرغىچە ئاڭلاپ باقمىدىم. مۇھەببەتتە تولا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلارنىڭمۇ يازغۇچى بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بىراق تۇغما بەدىئىي دىتى بارلار مۇھەببەت پاجىئەسىنى يارامىلىق ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىقىشى مۇمكىن. مەسىلەن: گېرمانىيىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى گيوتېنىڭ ئۆزىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى ئاساس قىلىپ يېزىپ چىققان «ياش ۋېرتېرنىڭ قايغۇسى» ناملىق رومانى دۇنيا ئەدەبىياتىدا مۇھەببەت تېما قىلىنغان مەشھۇر ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يازغۇچىلار شەھۋەتپەرەس ئادەملەرمۇ؟ ئاۋستىرىيىنىڭ ئاتاقلىق روھىي كېسەللىكلەر ئالىمى، پسىخىك ئانالىز تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى فىروئىد جىنسىي ئاڭنىڭ ئىجادىي قابىلىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئەمما ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلىماتلىرى ھازىرمۇ مۇنازىرە ئۈستىدە بولغاچقا ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىنى مۇتلەق توغرا دەپ ئېيتالمايمىز. لېكىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، يالقۇنجاپ تۇرغان جىنسىي مۇھەببەت ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى جىنسىيەت تەسۋىرلىرىنى جانلىق قىلىپ، يازغۇچىلارنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك، جىنسىي مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن مەشھۇر ئەسەرلەر دۇنيا ئەدەبىياتىدا خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن. ئەمما جىنسىي مۇھەببەت ھەممە ئادەملەردە بولىدىغان تۇغما ئىقتىدار بولغاچقا، يەنە كېلىپ ھايۋانىي قۇۋۋەت بولغاچقا ئۇ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالىشى ناتايىن. يازغۇچىلار جىمجىت مۇھىت ئىچىدە ئەسەر يازىدۇكى، ھەرگىزمۇ «Kara ئوكې» زالىدا يېزىقچىلىق قىلمايدۇ. ئەگەر پىكرى چولتا ئادەملەر يازغۇچىلارغا ھەر خىل بەتناملارنى چاپلايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا جاھاندىكى پاھىشىۋازلارنىڭ ھەممىسىنى يازغۇچى دېيىش كېرەك.

يازغۇچىلار نامرات ئادەملەرمۇ؟ دەرۋەقە يازغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى نامراتلىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاساسىي ئامەتى كېلىپ زور شان-شەرەپكە ۋە بايلىققا ئېرىشكەنلىرىدىن باشقىلىرى ئاساسەن نامرات ياشايدۇ. لېكىن باياشاتلىق تۇرمۇش كەچۈرۈپمۇ، مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان يازغۇچىلار ئاز ئەمەس. شۇڭا باي، نامرات بولۇش، يازغۇچى بولۇشنىڭ شەرتى بولالمايدۇ.

تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆككەن كىشىلەر يازغۇچى بولامدۇ؟

يازغۇچىلارنى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشكە تەكىتلەۋاتقىلى خېلى زامانلار بولدى. گەرچە «تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش» يازغۇچىلارنى بەزى يېڭى تېمىلارغا ئىگە قىلسىمۇ، لېكىن بۇ ئاتالغۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ شەرتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بەزى ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەر، جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ خىزمەت قىلغان بىلەن، بىرەر پارچىمۇ ئەدەبىي ئەسەر يازالمايدۇ. ئاڭلىسام، ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ بىر قانچە يىل خىزمەت قىلغانلار ئىچىدىن دەرىجىسى ئۆسۈپ ئەمەلدار بولغانلار باركەن، لېكىن يازغۇچى بولغانلار يوقكەن.

بېشىدىن جىق ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن، تۇرمۇش بىلىمى مول بولغان ئادەملەرچۇ؟ ئۇنداقلار ياش - ئۆسمۈرلەرگە ۋەزىيەت تەربىيىسى بېرىشكە ئەڭ مۇۋاپىق.

مۇخبىرلار يازغۇچى بولالامدۇ؟ بەزى كىشىلەر مۇخبىر بىلەن يازغۇچىنى ئوخشاش ئادەملەر دەپ قارايدۇ. بەلكى ھەر ئىككىلىسى قەلەمگە تايىنىپ بىر نېمە يازغانلىقتىن شۇنداق دېسە كېرەك، ئەمما مۇخبىر بىلەن يازغۇچى ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. يېزىقچىلىق سەۋىيىسىمۇ ئوخشاشمايدۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ئاخبارات بىلەن ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدا مەلۇم «تۇغقانچىلىق» مۇناسىۋىتى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى چورت ئۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ. بەزىدە مۇخبىرلاردىنمۇ يازغۇچى يېتىشىپ چىقىدۇ. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئامېرىكىلىق يازغۇچى ھېمىڭۋاي يازغۇچى بولۇپ تونۇلۇشتىن ئىلگىرى بىر مەزگىل مۇخبىرلىق قىلغان. دۇنيا ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە شۆھرەت قازانغان ئىتالىيىلىك مەشھۇر ئايال مۇخبىر ئورىئانا فاراچىمۇ ھەم مۇخبىر، ھەم يازغۇچى بولۇپ، 20 - ئەسىردە ئۆتكەن مۇھىم سىياسىي ئەربابلارنى زىيارەت قىلىپ، نۇرغۇن مۇنەۋۋەر زىيارەت خاتىرىلىرىنى يېزىپ چىققان، ھەم رومان ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. فاراچ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاناتومىك تىپىدىكى ياكى تەرىنى تۇرۇپ بىر چەتتە قاراپ تۇرىدىغانلار تىپىدىكى مۇخبىر ئەمەسمەن، مەن ھەمىشە خىلمۇخىل غەزەپ ۋە نۇرغۇن مەسىلىلەرتى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ مۇخبىرلىق قىلىمەن.» ئۇ يەنە ئاشكارە ھالدا: «دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەرنى زىيارەت قىلىشىمدىكى مەقسىتىمنىڭ بىرى ھوقۇقنى پاش قىلىش، ئەيىبلەش ۋە قارغاش ئۈچۈندۇر» دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ھوقۇققا قوللارچە چوقۇنماسلىقنى، ئەمەلدارلارنى كۆپتۈرۈپ ئەۋلىيا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلىمەسلىكنى، ئۇلارغا پەقەت ئادەم سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ، نېمە ئىش قىلغان بولسا شۇنى يېزىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ بەزى مۇخبىرلىرىمىز باركى، ئۇلارنىڭ ئەمەلدارلارغا ھەمدۇسانا ئوقۇپ يازغان ئاخبارات ئەسەرلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا ئۈزۈلمەي بېسىلىپ تۇرىدۇ. بىر قېتىم يېزىپ بولغانلىرىنى يەنە يازىدۇ، ئېلان قىلدۇرىدۇ. كۆيلەشتىن زېرىكمەيدۇ، خۇددى بۇ دۇنيانى مەدھىيىلەش ئۈچۈنلا يارالغاندەك، بۇنداق مۇخبىرلارنىڭ ئىقتىدارى جەمئىيەتتىكى ساددا ئادەملەرنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ، ئۇلار مۇشۇ مۇخبىرلارغىمۇ «يازغۇچى» دېگەن نامنى ئايىماستىن بېرىۋېرىدۇ. شۇنى كەسكىن قىلىپ ئېيتىش كېرەككى، بۇنداق مۇخبىرلار بىر تالاي ئەسەرلەرنى يېزىپ، گېزىت - ژۇرناللارنى كۆمۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن مەڭگۈ بىرەر پارچە لاياقەتلىك ئەدەبىي ئەسەر چىقمايدۇ. شۇڭا مۇخبىرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يازغۇچى بولالىشى ناتايىن.

يازغۇچىلىقنى شاگىرتلىققا كىرىپ ئۆگىنىۋالغىلى بولامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلغىلى بولسا ئىقتىدارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئۆيىگە، بىر داستىخاننى ئاپىرىساقلا

ئىش بەك ئاسان بولاتتى. ئەپسۇسكى، دۇنيادىكى ھەر قانداق ھۈنەر - كەسىپنى شاگىرتلىققا كىرىپ ئۆگىنىۋېلىش مۇمكىن، ئەمما يازغۇچىلىقنى ئۆگىنىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. ناۋادا شۇنداق قىلغىلى بولسا، ئەدەبىيات دېگەننىڭ ھېچقانداق خاسلىقى قالمايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئۆزىگە خاس بولغان نۇرمۇ بېرەلمەيدۇ. ھازىرقى دەۋردە، نۇرغۇن كىشىلەر ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ سىرلىق قەسىرگە ئۆزىنى ئېتىۋاتىدۇ. قەسىرنىڭ ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن كۈچىنىڭ يېتىشىچە تەرلەپ - پىشىپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئەمما ئەدەبىيات ساھەسىدە تىرىشچان-لىق بىلەنلا نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. تىرىشچان ئادەملەر ناھايىتى كەلسە نۇرغۇن ئۈنۈمسىز ئەسەرلەرنى يازالىشى ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى چۈشىنىپ، ئۇنى- بۇنى دېيەلىشى مۇمكىن. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئى-جادىيەتتىكى نەتىجىسى بىزنى قايىل قىلالمىسىمۇ لېكىن، ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيىدىغان روھى ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

يازغۇچىلار قانداق ئادەملەر؟ ياكى قانداق ئادەملەر يازغۇچى بولالايدۇ؟مەن شۇنچە كۆپ ئويلىنىپمۇ جاۋاب تاپالمىدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بويتاق ئۆتىدى-غانلارمۇ، توي قىلىپ بالىلىق بولىدىغانلارمۇ بولىدىكەن. يازغۇچىنىڭ بالىسى يازغۇچى بولىدىغان ئەھۋاللار كەمدىن كەم ئۇچرايدىكەن. قارىغاندا ئەدەبىي تالانتنىڭ ئىرسىيەتلىك خۇسۇسىيىتى يوق ئوخشايدۇ. ئومۇمەن ھەممە ئادەملەردە بولىدىغان ئالاھىدىلىكلەر يازغۇچىلاردىمۇ بولىدىكەن. ئېھتىمال يازغۇچى بول-ماقچى بولغان ئادەمنىڭ چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىدە، تەڭرى ئاتا قىلغان ئالاھىدە پائالىيەتچان نېرۋونلار بولۇشى مۇمكىن.

---

(بېشى 67 - بەتتە)

— ھوي پاسكىنا قويۇۋەت.

— سەنمۇ قويۇۋەت رەسۋا.

خۇددى قۇرۇق قومۇشقا ئوت تۇتاش-قاندەك قىسقىلا ۋاقىتتا ھويلا جەڭگاھ-قا ئايلاندى. قىيا - چىيا ئاۋاز قوش-نىلارنىڭ ئۆيلىرىگىچە ئاڭلىنىپ بار-غانىدى. ياقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەل-مەي گاڭگىراپ قالغاندا ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ خادىمى ئەكبەرجان كىرىپ كەلدى. ھەممە زۇۋانلار ئېتى-لىپ، ھاۋادا پۇلاڭلاۋاتقان بازغاندەك مۇشتلار نىشانىغا تەگمەيلا توختاپ قالدى.

— سىزنى تەبرىكلەيمەن ياقۇپ ئا-كا، - دېدى ئەكبەرجان ھويلىدىكى پات-پاراقچىلىققا پەرۋا قىلمىغاندەك، ھەم-مەيلەنگە قاراپ قويۇپ : - سىزنىڭ تۈرمىدە ياتقىنىڭىزنىڭ ناھەق قىلىقى ئىسپاتلاندى. ئەينى چاغدا باشقىلار سىزنىڭ ئاچقۇچىڭىزغا تەقلىدىي ئاچ-قۇچ ياسىتىۋالغانىكەن، سىز سەزمەپ-سىز. ئاندىن ئۇلار ۋاقتى كەلگەندە پۇلنى جۇندەپتۇ. بىز ئەھۋالنى ئالدىن-قى ھەپتە بالىلىرىڭىزغا ئۇقتۇرۇش قىل-غانتۇق، ئەمما مەھكىمىمىزگە بارمىدى-ڭىز. يۇقىرى خىزمىتىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، توختاپ قالغان ئىش ھەق-قى ۋە ئەينى چاغدىكى ھەققىڭىزنى بى-راقلا قايتۇرۇشنى قارار قىلدى.

ياقۇپ خۇددى ئۇزاققا سوزۇلغان قا-باھەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئىشەن-مەيلا قالدى. ئۇنىڭ بالىلىرى بىر-بىرىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراشماقتا ئىدى.

ئەزىز سەيدەخمەت

# زەنجىر

(فېلىيەتون)

— ئىدارىمىزدىكى م ئەپەندىنىڭ بۆرە ئىتىدىن مەنلا ئەمەس، مۈشۈ چوڭ قورۇدىكى ھەممەيلەن ئىنتايىن بىزار. قىزىق يېرى شۈكى، بۇ ئىتنىڭ كەينىدە پىتنە — ئىغۋا قىلىدىغۇ، ئىش چاتاق، ئىت سېنى تووۋا قىلغۇزىدۇ. كىيىملىرىڭنىڭ رەڭگى ئۇنىڭغا ياقمىغاندەك قانلىرىڭ بىلەن بوياپ قويىدۇ. چوڭ — كىچىك دەپ ئايىماپ تۇرمايدۇ. ئۇرۇق بولساڭمۇ چىشلەيدۇ. كىم يەتكۈزدىكىن — تاڭ، قايسى بىر سورۇندا زارلىغىنىمغا، بۇ دىك قۇلاقمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاچچىق جاۋاب قايتۇردى. ئايالىمنى قىرقىرىتىپ، مېنى ۋارقىرىتىپ ئەدەبلەپ قويدى. ئايالىمنىڭ، دوستدۇشمەننىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىمەن دېگەن نىيەتتە تىككۈزۈپ ئەمدىلا كىيگەن يېپ يېڭى كۆڭلىكىمنى ئامالسىز چۇرۇۋەتتۇق، ئايالىم قورقۇپ كەتكىنىگە ئەمەس، كۆڭلىكىمنى كىيەلمىگىنىگە مىشىلداپ، بۇ دىك قۇلاقنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپ، قەغىشلىق قىلىپ يىغلايتتى. ھەتتا ئۇ شۇ ئاچچىقىدا ماڭا بىر نەچچە قېتىم يالغانمۇ ئېيتتى. مەن تاماق ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم ئەكېلىپ بەرگەن گۆشنى «مۈشۈك» يەۋالغان بولدى. لېكىن ھويلىدىكى دېرىزە تەكچىسىدە پەيدا بولۇپ قالغان زەھەرلىك دورا بوتۇلكىسى، ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

مەن گۆشسىز تاماقتىن ماغدۇرسىزلىنىپ، مۈشۈكتىن ئاغرىنىپ، مەگەن پاتقان پۇتۇمنى سۆرەپ، دىك قۇلاقنىڭ ئۆزىدىنلا ئەمەس، ئىزىدىنمۇ قورقۇپ يۈرگەن كۈنلەردە بۇ يۈزى توك مەخلۇق قېرىشقاندەك ئۆيۈم ئەتراپىدىلا ئايلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ نېمىنىدۇر بىر نەرسە ئىزدىگەندەك ئۇ يەر-بۇ يەرلەرنى ئاچكۆزلۈك بىلەن پۇراپ تىمىسقىلايتتى. ھېچنېمە تاپالمىسا، ئاچچىق غىڭشىپ، ئالدى پۇتلىرى بىلەن يەرنى تاتىلاپ كاڭشىپ كېتەتتى.

سەۋر قاچام ئاخىرى چېقىلىپ پارە-پارە بولدى. تەكلىپ بۇلۇتلىرىم يىغىن زالىدا يامغۇر تۆكتى. ئىتقا زەنجىر «سوۋغا قىلىش» پىكرىم ھەممىگە ياغدەك ياقتى. ئەمما كۈتۈلمىگەندە ئىدارە باشلىقى كۆزلىرىنى چىڭقى چۈشتىكى شېشە پۇچۇقىدەك پارقىرىتىپ قايناپ كەتتى:

— نېمانچە سېسىق ئۈچەيدەك ئۇزۇن گەپ بۇ؟ م ئەپەندى ئىتىنى باغلاپ باقمىسا نېمە بوپتۇ، ھە، نېمە بوپتۇ؟ تازىمۇ-زە؟ نېمىشقا ياخشى

تەرپىنى ئويلىمايسىلەر؟ چىشلىۋال-
دى، ئاتا - ئانا، ئەل - ئاغىنىلەرئۆ-
يىمىزگە كېلەلمەيۋاتىدۇ؟ ھىم، ئۆيۈڭ-
لەرگە مېھمان كەلمىسە، چىقىمىڭلار
ئازلايدۇ. ئائىلەڭلار باياشات بولىدۇ.
بۇنىڭ نەرى يامان؟ ھەدېسە چىشلى-
ۋالدى، چىشلىۋالدى دەيسىلەر! ئىت
دېگەن چىشلىمەي چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ
قويسا بولامتى؟ م ئەپەندى بۇ كۈچۈك-
نى باققاندىن بېرى ئىدارىمىز ناھىيە
تەرىپىدىن ئۇدا ئىككى قېتىم ئامان-
لىق ساقلاشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ
تەقدىرلەندى. مەن تېخى بۇ سەگەك
كۆزەتچىنىڭ مائاش تەمىناتىنى ئىدا-
رىمىزنىڭ قوشۇمچە كىرىمىدىن ھەل قى-
لىپ بېرىشنى ئويلىشىۋاتىمەن. سىلەر،
بىلمەيسىلەر، بۇ دېگەن شۇ قەدەر ياخ-
شى كۈچۈككى، مېنى كۆرىدىغان بولسا
بەش ئارغامچا بويى يىراقتىن
قۇيرۇق ئوينىتىپ، پىلتىڭلاپ ئالدىم-
غا كېلىدۇ. تولغىنىپ ئەركىلەيدۇ. كۈ-
چۈكلىنىدۇ. تاپانلىرىمغا سۆيۈپ ھار-
مايدۇ. ئەجەبا مېنى قاراڭغۇدىمۇ تو-
نۇيدۇ - يۇ، سىلەرنى قورقۇتۇپ چىش-
لەمدىكەن؟ قۇيرۇق گەپتە - بۇ! ھازىر
دېگەن قۇيرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئەمە-
لىي ئۇنۇم يارىتىدىغان ئىسلاھات دەۋ-
رى. بۇ ئىت ئائىلىكلەر قورۇسىدا ئا-
مانلىق قوغدىغۇچى يوق بولۇشتەك بوش-
لۇقنى تولدۇردى. مەن ئىدارە نامىدىن
بۇ ئىتنىڭ ئىگىسى م ئەپەندىگە ئالا-
ھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. م ئەپەندى
مۇشۇنداق ياخشى ئىتنى قاتارغا قو-
شۇپ ئامانلىق ئىشلىرىدا زور نەتىجە
ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئىدارىمىز ئۆي
تەقسىم قىلىش، ئۇنۋان باھالاش، كا-
دىر ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىشتە ئۇنىڭغا ئا-
لاھىدە مۇئامىلە قىلىدۇ...

بۇ قىممەتلىك پىكىرلەر گۇدۇڭ -
گۇدۇڭ قىلغان غۇدۇراشلارنى پەيدا قىل-
دى. بىر دەمدىلا مەجلىسخانىنى قاپ-
لىغان كۆكۈش تاماكا ئىسلىرى، ئا-
ياللارنىڭ ئىككى يېنىغا ئېغىناپ، ئال-
قانلىرى بىلەن ئېغىزىنى يېرىم توسۇپ
پىچىرلاشلىرى باشلىقنىڭ دىققەت-نە-
زەرىدىن تولىمۇ يىراقتا ئىدى. ھەمە-
مەيلەن باشنى ئاغرىتىدىغان بىرلا خى-
يال يېپىغا زەنجىرسىمان باغلانغان بول-
سىمۇ، چىش يېرىپ ئېغىز ئېچىشقا پېت-
تىنالمايۋاتاتتى. نېمە ئامال دەي-
سىز؟ كىممۇ كالتە پەم، يېڭىلىق روھى
يوق، ئۆكتىچى ئاتىلىشنى خالايدۇ؟
ئالدىنقى قېتىملىق يىغىندا خىزمەتلى-
رىمىزگە پايدىلىق بىر نەچچە تۈرلۈك
تەكلىپ بېرىۋىدىم، ئۇ: «رەھبەرلىك
دېگەن ئېشەكنىڭ پۇتى بەش دېسە، باش-
قىلار تۆت دەپ تۇرۇۋالماسلىقى كې-
رەك، زۆرۈر تېپىلسا بىرمۇبىر سا-
ناپ بېرىمەن» دەپ دەككەمنى بەرگەن-
لىكىنى كىم كۆرمىگەن دەيسىز؟! نېھا-
يەت ئىتتىقا تەييارلىغان زەنجىر بېشىم-
غا توقماق بولۇپ چۈشتى. ئەمدى كىم-
مۇ بۇ تۆھپىكار ئىت ھەققىدە بىر نەر-
سە دېيەلەركىن؟

# كلاسسكلارنىڭ شېئىرلىرىدىن

## غەزەلىيات ئەمرى

ھۆسنۈڭ كامالىتى ئەي مەھلىقا مۇبارەك،
ئائىنە ئىچا مالىڭ تاختىسا نا مۇبارەك.
خوپ ئولدى ئارزىگىنى ئايىنەدىن ياشۇردۇڭ
ئۇ شوخ ماھ تەلئەت شەرىمھا يا مۇبارەك.

تا يۈز گە غازە قويدۇڭ قانىمىنى تۆكتى
غەمزەڭ،
ناز ئىلكىدە ئىنگارا بولسۇن ھىنا مۇبارەك
تون قايدا مەست ئەردىڭ كىملا بىلەن
بادە ئىچتىڭ
گۈل ھېيبىدەك ئۈزۈلگەن بەندە قىبا
مۇبارەك.

ئەي ياخشىلارنى شاھى بولما رەقىبكە
ھەمدەم
يانىڭدا نامۇناسىپ ئولشۇنام مۇبارەك.
بامەسىندى مالامەت سولتانىسەن كىرەم
قىل.
شەدىن كىرەم مۇناسىپ قولدىن دۇئا مۇ-
بارەك.

بىر شوخ دىلرابا غا بولدۇم ئەسىر زۇلفى
باشىمغا توشتى سودا قىلسۇن خودا مۇبارەك
ئولسەرۋى قەد خىيالىن قىلدىڭ ئەمىر
ئىنشا
تەبىئ سەلىم بىرلە فىكرى راسا مۇبارەك.

## مەجزۇپ

سۇن ئەي ساقى ساغىر دۇئا ئەيلەگۇم،
ساڭا خان كوڭلۇم فىدا ئەيلەگۇم.
كۆڭۈل غەيىر مېھرى بىلە دەردلىك،
ئۇ ساغىر يوقىدىن داۋا ئەيلەگۇم.

بوسوغاڭ تۆبىدە ياتىپ باش قويۇب،
كى كەتمەي ئىشىڭدەك ۋافا ئەيلەگۇم.
كى جان رىشتەسى تار مېھرى بىلە،
فىدا قەدەھ ئاشنا ئەيلەگۇم.

زېھى قىيسىق ھىممەت تەلەب يولىدا
ئىچىپ نەششەئى بىرلە راسا ئەيلەگۇم.
مول ئەيلەپ ماڭا جامى ساقى ئۇزات.
ئىچىپ دىلنى كىتى ناما ئەيلەگۇم.

ئوقۇر دەيىر بىرى دۇئايى قەدەھ
كى مەن زىكىر ئىلە رەببىنا ئەيلەگۇم.
تىرىلور ئولوك دىل ئۇ شەربەت بىل
تاتىپ زىكىر يا رەببىنا ئەيلەگۇم.
تەرىپ ئىلە موتىرىپ ئوت ئەلھان خوش
بولوب شاد بىر ئومور ئادا ئەيلەگۇم.

## ھەزرىتى سولتانولئارفىن

دەم بو دەمدور ئۈزگە دەمنى دەم دىمە،
دونيادىن پەھىم كىتەرسەن غەم يىمە.
كويمەسە جان دىلىم ھەم ئوستىخۋان،
كوز ياشىڭ ئاققان بىلە سەن نەم دىمە،

خىۋاھ كەلسە كولسە يىغلاسا ئاشىق ئىلى
چەھرەئى سەرخىن كوروب يەرغەم دىمە.
ئەسلى نەسلىڭ قەترەئى ئابى مەنى
خەسىنى كورسەڭسەن ئۆزەڭدىن كەم دىمە.

ئادەمىدە دورى مەئنى بولماسا
سەن ئونى ئادەم كوروب ئادەم دىمە.
تويماسا سىر مەئنىدىن ئادەم ئىمەس
سەن ئونى سورەت كوروب ئادەم دىمە.

يورەكىدە بولماسا يوز داغ- دەرت
زىنھار قاچقىل انى ھەمدەم دىمە.
تەگسە يىكان ئابدارى خەنجىرى،
جان بىرور جانانىغا مەھرەم دىمە.

دوسلاردىم دىۋانە ئەرمەس ھەر كىشى
ئېزىز جاندىن كەچمەسە ئادەم دىمە.
مىسلى دەريا يوزىدە يورگەن خەسى
ھايو - ھوي دىگەن بىلە مەھكەم دىمە.

ئەمەسىدا توتقىل غەنىمەت ھەر نەفەس،
يارىسىز ئوتكەن بو دەم نى دەم دىمە.

## كلاسسىك ئەدەبىياتتىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇراخمان مۇھەممەت

# ئېرسالنامە

تەھرىردىن: ئېرسالنامە — «يوللانما خەت»، «پۈتۈكنامە» ياكى «سالام خەت» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەپسانە، رىۋايەت، بېيىت - قوشاق، داستان، قىسسە، چۆچەك، لەتىپە، ماقال - تەمسىل، تېپىشماق، مەسەل، رىسالە، ھېكمەتلىك سۆز، ھېكايەت، ناخشا - مۇزىكا ۋە ھەر خىل ئەدەبىي چاقچاقلارغا ئوخشاشلا ئۆزگىچە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئېرسالنامە ئەۋەتىش ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ بىر خىل مىللىي ئادەتكە ئايلانغان ئەدەبىي شەكىل بولۇپ، ئۇ مەيلى نەسرىي ياكى نەزمىي شەكىلدە ئىجاد قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، مەزمۇن جەھەتتە كۆپىنچە مۇھەببەتنى، مۇھەببەت جۇدالىقىنى، ئۆز مەھبۇبىغا، دوست - لىرىغا، ئاتا - ئانىغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، ئۆز يۇرتىغا بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، قېزىشقا مۇناسىپ ھەسسە قوشۇش مەقسىتىدە، ئېرسالنامىلەردىن بىر نەچچە نەمۇنىنى ژۇرنىلىمىزدا تونۇشتۇرۇشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

* *

يېتىمپ مۇندا ھەسرەت - نادامەتتە مەن،
ئېرسالنامە ئىبەردىم خىجالەتتە مەن.
پىراقىڭدا بولدى ھالىم زەبۇن①
ئۆزۈم غەمناك②، مالامەتتە مەن.
سېنى كۆرمىگەن بولسامدىم كاشكى...
بەناگاھ③ كۆرۈپ بۇ ۋىلايەتتە مەن؛
دىلىمغا قادالدى ئىشقىڭ خەنجىرى،
شۇندىن بۇيان بىمارەتتە④ مەن.

مۇھەببەتلىك يۈرەكتىن،
سېغىنغاندا يازغان خەت.
مېنى دوستۇم، يارىم دەپ،
جاندىن ئەتىۋا كۆرگەن،
ئۇلپەت بولۇپ ئۆمۈرلۈك،
ئىشقى بىلەن كۆيدۈرگەن،
چىرايلىقىم، مەشۇقۇم،
دىلدارىمغا سالام خەت.

* * *

خەت پۈتۈپ نامە ئىبەردىم مېھرىبان يارىم ساڭا،
ئوقۇتۇپ ئىلكىڭگە ئال، مەلۇم بولۇر ھالىم ساڭا.
كېچە - كۈندۈز يىغلىماقتىن ئۆزگە ئىش يوقتۇر ماڭا،
بۇ مېنىڭ يىغلىغىنىمنى كىم بېرىپ ئېيتۇر ساڭا؟
ئاي بىلەن كۈننى قېتىپ ئەلچى ئىبەردىم مەن ساڭا،
ئايمۇ ياندى، كۈنمۇ ياندى، ھېچ خەۋەر يوقتۇر ماڭا.
ئۇنتۇ سەن - ئاتەشمۇ سەن، نەدىن تۇتاشتىڭ سەن ماڭا؟
يا كېلىپ جانىمنى ئالغىن، يا كۆڭۈل بەرگىن ماڭا.

* *

توموزدا خەت پۈتۈپ كۆيدى پېشانەم،
ئۆزۈم ئۆلسەم خېتىم — قالسۇن نىشانەم.

خېتىمنى كۆرسەڭ، بىچارە دەرسەن،
ئىشقى ئوتىدا دىۋانە دەرسەن.

خېتىمنى ئوقۇپ، يادقا ئالارسەن،
بۇلبۇلدەك سايراپ يىغلاپ قالارسەن.

چىمەننىڭ بۇلبۇلى كۆڭۈل ناۋاسى،
جاھاندا بارمىكىن يارىنىڭ ۋاپاسى.

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ۋاپاسى باردۇر دەپ بەردىم كۆڭلۈمنى،
ۋاپادار بولسالڭ، توزۇتما كۆڭلۈمنى.

* *

جېنىم، سەن باغىم ئىچىدە قىزىلگۈل،
سېنىڭ ئىشقىڭدا مەن بىچارە بۇلبۇل.

كېچە بولسا كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قاچتى،
جىمى ئەزالىرىمغا ئوت تاتاشتى.

تۇتاشقان ئوت ئىچىدە كۆيدى بۇ جان،
كۆرۈشمەكلىك ئىستىكىدە دىل پەرىشان.

ساڭا كۆيمەكلىكىم ھەقتىن ئىرادە،
مېنى كۆيدۈرمىگىن مۇندىن زىيادە.

يامان دىشۋار⑤ ئىكەن يولىنىڭ يىراقى،
جېنىمنى ئۆرتىدى ئىشقىڭ پىراقى.

كويۇڭدا دائىم يۈرىمەن سەرسان،
بولۇپ ئىشقىڭدا مەجنۇندەك ۋەيران.

* *

يول يىراقى بولسا بولسۇن، كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن،
ئىككىمىز ۋەدە قىلىشقان، ۋەدە يالغان بولمىسۇن.

* *

ۋەدىنىڭ قاتتىقلىقى يامانىدۇر تاشتىن،
مېنىڭ باشقا يارىم يوق سەن قەلەمقاشتىن.

ئېسىمدىن چىقمىدىڭ ــ ھەركۈن ئېسىمدە،
تۈندە ياتسام كۆرەرمەنسېنى چۈشۈمدە.

* * *

ئۇچۇپ چىقىپ ئاينى كۆرسەم چەرخى پەلەكتە،
يېنىپ چۈشۈپ سېنى سۆيسەم مەخمەل چۈشەكتە.

ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە، ھەسرەت ئىچىمدە،
چىقماس ئوتنى ماڭا سالدىڭ، دەردىم ئىچىمدە.

ئاق يەرگە قوغۇن تىرىدىم، چۈنەكلىرى تۈز.
ئاقناۋاتلار پىشىپ قالدى، يارىم ئۆزۈڭ ئۈز.

سەن يار ئۈچۈن تاياق يېدىم بىر مىڭ ئالتە يۈز،
يەنە يېسەم شۇنچە يەرمەن، ئۆرۈمەسمەن يۈز.

* *

ئوتۇڭغا مۇپتىلا بولدۇم،
ئەجەب مۇ خارۇ - زار بولدۇم،
سەن ئېرۇرسەن دىلخاھىم،
ساڭا يەتسۇن مېنىڭ ئاھىم،
قاراپ قويغىن ئايا شاھىم.

* *

سېنى مەن ياد ئېتىپ جانىم قەلەمقاش،
كېچە-كۈندۈز كۆزۈمدىن ئاقتى قان-ياش.

قىزىلگۈلدەك يۈزۈڭنى پۇرىسامەن،
قونۇپ بۇلبۇل سۆپەتلىكسايرىسامەن.

كېچە ھەم سەھەردە پەرياد ئېتەرمەن،
كى ئول خالىق ئەزىمگە داد ئېتەرمەن.

خېتىمدىن بىلەرسەن مېنىڭ دەردىمنى،
ئۆزۈڭ ھاكىم بولۇپ سورا ئەرزىمنى.

يانار بولدى پىراقتا خەستە جانىم،
ساڭا يەتسۇن مېنىڭ ئاھۇ - پىغانىم.

سىزىپ كەتتى تېنىمدىن ئۇستىخانىم،
سامان ياڭلىغ سېرىق بولدى چىرايىم.

كۆرۈپ ئەردىم، كۆزۈم چۈشتى كۆزۈڭگە،
كۆيۈپ قالدىم سېنىڭ شېرىن سۆزۈڭگە.

كۆيۈپ گۈلدەك چىرايىم كۈل بولۇپتۇ،
ساڭا مەن كۆيگەلى ئون يىل بولۇپتۇ.

ئىلاجىم يوق مېنىڭ كۆيمەكتىن ئۆزگە،
داۋا يوقتۇر ماڭا ئۆلمەكتىن ئۆزگە.

ساڭا بۇ دەردلىرىم مەلۇم ئەمەستۇر،
سەن يوق ئۆي-ئايۋانىم گويا قەپەستۇر.

سەھەردە ئاھ ئۇرۇپ زار يىغلىغانىم،
يۈرەكتىن قايىنىغان دەردۇ - پىغانىم.

بەناگاھ ھەر زامان يادىمغا يەتسەڭ،
بىتابىتەك تىترەيمەن قارىماي كەتسەڭ.

ئۆزۈم ئاجىز غېرىب، يوقتۇر كىمەرسەم،
كىشى بولسا ئەردى، بىر خەت ئىبەرسەم.

* *

قاشلىرىڭ ئىنىنا پەتەھنا، كۆزلىرىڭ زەررۇ - زەۋەر،
مەن كۆيۈپ دەردىڭدە يۈرسەم، سەن يۈرسەن بىخەۋەر.

* *

سېنى كۆرسەم گۈلدەك خۇش ئاچىلۇرمەن،
تېرىقتەك ھەر تەرەپكە ساچىلۇرمەن.

سېنىڭ ئوتۇڭ مېنى بىچارە قىلدى،
يۈرەكنى ھەر كۈنى مىڭ پارە قىلدى.

* * *

ئايغا ئوخشاش يۈزلىرى، چولپانغا ئوخشاش كۆزلىرى،
ئۆزلىرىگە ئوخشىمايدۇ خەلقى ئالەم قىزلىرى.
ئەتىياز پەسلىدە كەلگەن قارلىغاچتۇر ئۆزلىرى،
تالچىۋىقتەك تولغىنارمەن يادىمغا ئالغانىمدا.

* * *

قاراقاشىڭ، قاراساچىڭ ئەجەب سۇمبۇلغا ئوخشايدۇ،
سېنى يادىمغا ئالغاندا يۈرەك جان بىرلە قاقشايدۇ.
كېچە - كۈندۈز سېنى ئىزدەپ بۇ تەندە قالمىدى تاقەت،
كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆكۈل ئازغانىغا ئوخشايدۇ.

* *

مۇھەببەتنامە قىلدى بۇ گادايىڭ،
دېگەچ قۇللۇق سالام بىرلە دۇئايىڭ.

مېنىڭدە قالمىدى سەۋرى - قارارىم،
سېنىڭ ھالىڭ نېچۈك ئەي مېھرىبانىم.

بايان قىلسام ساڭا بۇ ئاررزۇ - ھالىم،
قېشىڭغا بارماقتۇر پىكرى - خىيالىم.

ئۆزۈم مۇندا، كۆڭلۈم سەندىدۇر دائىم،
ساڭا مەلۇم ئەمەس بۇ مېنىڭ ھالىم.

ئەگەر بىلسەڭ بۇ ھالىمنى نىگارىم،
ساڭا يەتسە بولۇر ھاسىل مۇرادىم.

ئاناڭ ئايىمۇ، داداڭ كۈنىمۇ، تۇغۇپتۇ سەن - قىز دىلگۈلنى،
ھەسرىتىڭدە ئۆلتۈرەمسەن مەندەك بىر يېتىم قۇلنى.

* * *

ھۇ ۋەلپىراق(6)، ۋە ھازەل ئىشتىياق(7)، مۇبارەك جامالىڭىز كۆڭلۈمگە يېقىن، كۆزۈمدىن يىراق؛ چىقىمىدى جان، يەتمىدى ئاھۇ - پىغان؛ ئول نازاكەت بوستانىنىڭ نەۋباھارى، ھۆسنى ئىقلىمىنىڭ شاھسىۋارى(8)، مالاھەت(9) گۈلشىنىنىڭ گۈلئۇزارى(10)، ئارامى باغىمىنىڭ گۈلى، چىمەنلەرىنىڭ بۇلبۇلى، دەردىمىنىڭ داۋاسى، رەنجىمىنىڭ شىپاسى، گۈزەللەرىنىڭ رەناسى، ئاقىللارىنىڭ دەناسى، كۆكۈل رىشتى باغلانغان، ھىجرانلىقتا داغلانغان، كۆرۈشكە ئىشتىياق بولغان، كېچە-كۈندۈزغەمناك بولغان، ئەنى جىنابى ئىززەتلىك، ئەل ئىچىدە ھۆرمەتلىك، مېھرى - شەپقەتلىك، قەدرى قىممەتلىك، ئاپتاپ تەلئەتلىك(11)، مۇشتەرى سىمادەتلىك، قۇرئان تىلاۋەتلىك، ئەدلى ئادالەتلىك، سەرۋى قامەتلىك، ئاشنا قىيامەت-

لىك، ئايدەك لاتاپەتلىك، كېيىك قىياپەتلىك، كۆرۈشكەلى ئارزۇلۇق بولغان، مۇڭداشقىلى مۇڭلۇق بولغان، قىزىلگۈلدىن بويى ئالغان، كاككۇكتىن خويى ئالغان، كۆڭلۈمنىڭ پىكرى، دىلىمنىڭ زىكرى، چىشلىرى ئۈنچە، لەۋلىرى غۇنچە، قاشلىرى قەلەم، گەپ - سۆزى مەلھەم، مەڭزى ئاناردەك، كۆڭلى باھاردەك، ئالتۇن باشلىق، سۇمبۇل چاچلىق، كېيىك يۈرۈشلۈك، غۇلمان تۇرۇشلۇق، تېنى يۇمران، كۆزى چول-پان، قەمەر⑫ يۈزلۈك، شېكەر سۆزلۈك، ئۆزى مۇلايىم، نازاكەت ئايىم مەشۇقۇم ۋا-پادارغا ئاشىق بىۋاپادىن سالام.

ئاھ مەشۇقۇم، ئىشق ئوتىدا كۆيگەن، بالا ۋە مېھنەت دەشتىدە ئۆرتەنگەن، كېچىلىرى بىئارام بولغان، كۈندۈزلىرى بىقارار بولغان، دىلى پۇرغەم⑬، كۆزلى-رى پۇرنەم⑭، ئاشىقى سەرۋىنازىم⑮، مەشۇقى دىلناۋازىم⑯، تەقدىرى قىسمەت بى-لەن، داغى ھىجرەت بىلەن ئىنسان قېرىندىن، فەرھاد شېرىندىن، تۇلپار پەيتۇن-دىن، لەيلى مەجنۇندىن، تاھىر زۆھرەدىن، ۋامۇق ھۇزرادىن، غېرىب سەنەمدىن، كاتىپ قەلەمدىن، ھۆرۈلقا ھەمراھدىن، يۈسۈپ زىلەيخادىن، مەھزۇنگۈلنىسادىن، مەسئۇد دىلئارادىن، بېلىق دەريادىن، يانتاق مەرئادىن، سەدەپ قېپىدىن، خەنجەر سېپىدىن، گۈل غۇنچىدىن، بۇلبۇل باغچىدىن، كېيىك تېغىدىن، چىراغ يېغىدىن، قوي قوزىسىدىن، چىغرىق پوزىسىدىن، لەغەن چوكىسىدىن، باپكار موكىسىدىن، تۆگە بوتىلىقىدىن، جەرەن ئوتلىقىدىن، چىنار شېخىدىن، باغۋەن بېغىدىن، بۆشۈك تانىپىدىن، لاچىن قانىتىدىن، ئۆككۈز ھەلەپتىن، كاككۈك زەينەپتىن، بىلەك جەي-نەكتىن، چىنە چەينەكتىن، بېگىز قاپتىن، ئۈستىرا كاپتىن، دۇتار تارىسىدىن، دېھقان ئارىسىدىن ئايرىلغاندەك ئايرىلىپ، سۈندى قانىتىمىز قايرىلىپ، شۇنىڭ بۇ تەرىپىدە ھالىم خاراب، باغرىم كاۋاپ بولۇپ، ھارسام ئولتۇرۇپ كېتىپ، ئول-تۇرسام يېتىپ كېتىپ، ياتسام ئۇخلاپ كېتىپ، ئۇيقۇلۇقتا چۈش كۆرۈپ، چۈشۈمدە بىرنى ئۈچ كۆرۈپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ، ئويغانسام تۇرۇپ كېتىپ، تۇرسام مې-ڭىپ كېتىپ، كىيگىنىم كېپەن، يېگىنىم تىكەن بولۇپ، ئىچىمگە غەم تولۇپ، كېچە بولسا يۇلتۇز ساناپ، كۈندۈزلىرى يولغا قاراپ، مۇرادىمغا يېتەلمەي، يا بىر تە-رەپكە كېتەلمەي، ئىشقى سەۋداسىدا سىزىپ، سەۋرىنىڭ بوتىسىدا⑰ ئېزىپ، پىراق ئوتىنى باشلاپ، ئىككى كۆزۈمنى ياشلاپ، گەدىنىمنى قاشلاپ، ھېچ چارە تاپالماي، كۆرۈشكەندە ئەھۋالىمنى ئېيتالماي، كۆزۈمدىن دەريا ياساپ، ئىچىمدىن سىياھ يا-ساپ، كىرپىكىمنى قەلەم قىلىپ، ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئەلەم قىلىپ، نالايىق رۇقئە⑱ ئېرسال قىلدىمكى، كۆرۈشەيلى يېرىم دىدار خەت بىلەن، ئۆلۈپ كەتمەي پىغان بى-لەن - دەرد يىلەن. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ئىزاھلار:

① زەبۇن — خار، بىچارە.
② غەمناك — غەمكىن.
③ بەناگاھ — ئۇشتۇمتۇت.
④ بىمار — كېسەل، ئاغرىق.
⑤ دىشۋار — جاپا، قىيىن، ئەزىيەت
⑥ ھۆۋەلپىراق — ئول پىراق.
⑦ ھازەل ئىشتىياق — بۇ ئىشتىياق.
⑧ شاھسىۋار — چىرايلىقلار شاھى.
⑨ مالاھەت — گۈزەللىك.
⑩ گۈلئۇزار — گۈل يۈزلۈك.
⑪ تەلئەت — چىراي، يۈز.
⑫ قەمەر — ئاي.
⑬ پۇرغەم — غەمگە تولا.
⑭ پۇرنەم — ياشقا تولغان.
⑮ سەرۋىناز — سەرۋى دەرىخىدەك نازۇك.
⑯ دىلناۋاز — كۆڭۈلگە ياقىماق.
⑰ بوتىسى — ماۋانچىنىڭ تېشى.
⑱ رۇقئە — باغاق، خەت.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چىرا بازار تۇزاقچى كەنتىدىن، **مەمتىمىن تۇردى**

تولۇقلاپ رەتلىگۈچى: **مۇھەممەتتوختى ئەخمەت**



مال بازىرىدا

ساۋ جىيەنبىن ئويمىسى



شادلىق تەنتەنىسى　　ئابدۇللا ئۆمەر فوتوسى


新玉文艺　يېڭى قاشتېشى

NEW JADE LITERATURE

一九九七年　(双月刊)
编辑:〈新玉文艺〉编辑部
出版:和田行署文化处
喀什日报社印刷厂印
发行:和田地区邮电局
订阅:全国各地邮电局
印张:787×1092,1/16,6.125张
国内外统一刊号:
ISSN1002—929X　CN65—1088/1
代号:58—26

1997 - يىل (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 1092×787مم، 1/16، 6.125 تاۋاق
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
ISSN 1002 — 929 X　CN 65 — 1088/1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 — 58

定价:1.20元, 电话:2033792: تېلېفون نومۇرى: باھاسى: 1.20 يۈەن،